شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

2011

5



BULAK

# بۇلاق

ISSN 1005-0876

10>

源泉 (布拉克) · BULAK


دىۋانى گومنام دىن
يومدۇم كوزۇمنى سەندىن بولەكدىن،
كە چيتيم ياردىن رىندانە بولدۇم.
ئىشقىڭ شەمىيگە پۇر بولدى جىسمىم،
هەم ساقى هەم مەي پەيمانە بولدۇم.
بىر قەترە ئىيردىم چۈكتۈم دېڭىزگە
گەردىم سەندە فەلەك دۇردانە بولدۇم.
كۆيدۇرمەس ئوت بولماس يىغلاچ چوغ،
ئىشق ئوتى بىلە هەمخانە بولدۇم.
بولدۇم فەنا مەن تو پىراق ئىچىدە،
پەروانە ئىيردىم مەلەكدانە بولدۇم.
تا تىپ جەفا ياپاڭ تولسەم يولۇڭدا
ياتماسمە هەر گىز مەردانە بولدۇم
بولدۇم جاهاندا رەسۋايى ئالەم
ياخشى يامانغە ئەفسانە بولدۇم
كەۋسەر شارابى يادىمغا كەلسە
ئەيلەنگەمدىن مەستانە بولدۇم
كوردۇم چو شۇمدە شەمئى جامالىڭ
كويدۇم ئورۇپ چەرخ پەرۋانە بولدۇم.
جان جانتا كىردى جانانە بولدۇم،
تەگمەي كۆزۈمگە دىن هەر دەمدە مەلەك نوق
ئەۋۋەل ئىيدىم بىر گۈلخانە بولدۇم،
بىر غۇنچە يۈزدە ياردىن جۇدا مەن.
بىلسەم ئۆزۈمنى ئەيانە بولدۇم،
قويماس ۋەيىلە رەمەتموە دە گەنج.
تا ياۋ سىدىم مەن ۋەيرانە بولدۇم

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق



33 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 140 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# بۇلاق

2011 ـ يىللىق 5 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختەر ماموت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


دىۋانى ھەيرەتىي ........................................ ھەيرەتىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتتىمىن تۇردى


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


نۇئمان ئان ھەزرەت قىسسىسى ........................................ ئەھمەد يەسسەۋىي (17)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر توخسۇن


### تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭغا تۈزۈلگەن ئىندېكسلار ........................ سابىت رۇزى (25)

## فولكلور تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئۈزۈتىشقا دائىر ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ...................... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (44)

## مەشھۇر شەخسلەر

فارابىنىڭ دوستى ........................................ رەھىمجان ئاتايېف (ئاتا ئولى) (61)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ
ئەھمەد يەسسەۋىي ........................................................ تاھىر قاھار (84)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

قىسسەئى زۆھراخان ......................................... قەلەمگە ئالغۇچى: موللا بىلال (88)
ئوغرىسىز شەھەر ............................... نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن (99)
شاھ توغراق (چۆچەك) .......................................توپلاپ رەتلىگۈچى: ھىمىت سامساق (107)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: نەۋبەتى (رەسسام: مۇرادىل ئابىد)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇتەللىپ ئىسمايىل

مۇھەررىرى : دىلئارام باھاۋىدىن

كوررېكتورى : سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
خەتتاتلار: قۇربانجان شەيدائىي، مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

ھەيرەتىي

# دىۋانى ھەيرەتىي

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى

مۇھەررىردىن: كىلاسسىك شائىر ھەيرەتىينىڭ «دىۋانى ھەيرەتىي» ناملىق ئەسىرى ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق 2 -، 3 -، 4 - سانلىرىدا بېرىلگەنىدى. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەيرەتىينىڭ شېئىرلىرى خوتەندىن تېپىلغان يەنە بىر تولۇقسىز قول يازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. بۇ قول يازمىدىكى بىر قىسىم شېئىرلار ۋە بېيىتلار ئىلگىرى نەشرگە تەييارلىغان شېئىرلاردا ئۇچرىمايدۇ. ھەيرەتىينىڭ شېئىرلىرىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە بۇ شېئىرلارنى ئېلان قىلدۇق.

كۆڭۈل دەردىغە دەرمان ئەيلە، يا رەب،
ئىلاجى زەئىف ھىجران ئەيلە، يا رەب.

قۇرۇق جىسمىم بەلا دەشتىدە قالدى،
دىلا ئەبرىنى باران ئەيلە، يا رەب.

ئۆزىدىن ئۆزگەنى بىگانە ئەيلە،
ئۆزۆڭگە زارۇ ھەيران ئەيلە، يا رەب.

بېرىپ تەھقىق مەن بىر قەترە جانغا،
غەرىقى بەھرى ئىرفان ئەيلە، يا رەب.

ئىنايەت خانىدىن تاشلاپ نەۋالە
كەرىم بەزمىدە مىھمان ئەيلە، يا رەب.

تەئىلىق خار زارىدىن يەر ئېتىپ
فەراغەت بىرلە بۇستان ئەيلە، يا رەب.

بۇزۇلغان خاتىرىمنى ئەيلە مەئمۇر،
بەھارىستان ئىھسان ئەيلە، يا رەب.

گەدايى كويۇڭ ئەيلە ھەيرەتىينى
فەنا مۇلكىگە سۇلتان ئەيلە، يا رەب.

*

باك ئەلزام پەستلىق قىلدى،
ئىسمىلاردىن تەمام ئەقدەم تۇت.

گەر دېسەڭ بولسۇن قىسمەتىم ئەفزۇن،
خەلق ئارا ئۆزنى بارچادىن كەم تۇت.

*

ھەر تەرەف سۆز تەكاۋەرىن سۈرسەڭ،
فىكر چاۋۇشىنى مۇقەددەم تۇت.

قاشىنىڭ ھەيبەتى تەۋازىئ ئۈچۈن،
كۆزلەنىڭ ئۈستىدە مۇكەررەم تۇت.

*　　　　*

سىيمتەن، نازۇك بەدەن، زىيبا نىھال نازەنىن،
مىڭدا بىر سەرۋى خىرامان باغۇ بۇستاندىن چىقار.

قەھت سارى ھەجر ئەگەر يار كۆرگۈزسە جەمال،
يۇسۇف كەنئانىمىز گۇياكى زىنداندىن چىقار.

دىلرەبالار كۆڭلۈم ئىچرە يولى پىنھان قىلدىلار،
كىم بىلۇركىم رۇھ نې قاندىن كېلىپ قاندىن چىقار.

ئىئتىبار ئەيلەر ئۆزىنى ئەتسە سالىكلار فەنا،
قىيمەتى ئەفزۇن بولۇر ھەر جەۋھەرى كاندىن چىقار.

لەۋھى مەھفۇز ئېلكىدە جىبرىئىل ئىشق ئۇستادىدىن،
تەختەئى تەئلىم ئالىپ تىفلى دەبىستاندىن چىقار.

ھەر زەمان شىرىن سۆزىگە بەر جەۋاب، ھەيرەتى،
يا خىتاۋۇ چىن، ھىندۇ يا نىسياندىن چىقار.

*　　　　*

بەھار بۇلبۇلىدەك تۇرفە، ئاھ، ھالىم بار،
كى ھۇسن باغىدا گۇلبەرگى نەۋ نىھالىم بار.

يۈزىن تۇشۇمدە كۆرەي دەپ تىلەرمەن ئۇيقۇمنى،
تۇتاي بۇ ۋەھشىنى دەپ كېچەلەر خىيالىم بار.

نەدىن كۆرۈپ يۈزىنى جان نىسار ئەيلەمەدىم،
مەلامەت ئەھلى ئانى كۆرگۈنچە ئىنفىئالىم بار.

رەۋامۇدۇر ساڭا ئاشىقنى ناھەق ئۆلتۈرمەك،
دەبىرى مەدرىسەئى ئىشقدىن سۇئالىم بار.

رەقىب مەنئ بىلەن يار كۇيىدىن كەتمەم،
باشىم كېتەر ھەۋەسى بىرلە تا مەجالىم بار.

كەمىنە ھەيرەتىي خەستە شاھ بولغۇسىدۇر،
دېسەڭ كۇيۇڭدا گەدايى شىكەستە ھالىم بار.

*　　　*

قەفەس گۈلىستانىدا بىر گۈلى بەھارىم بار،
سەھەر كى بۇلبۇلدەك تۇرفە ئاھۇ زارىم بار.

چېھرە ئەرغىۋانىلار ساغىرىپ سامان ئولدى،
قاندا زىينەتى مەجلىس شوخ گۈلئۇزارىم بار.

ئىشق ئارا مەلامەتدىن قورقۇتۇپ مېنى ناسىھ
بۇ بەلادا ئۆلمەكدىنكىم قاچان يانارىم بار.

زاھىد ئايتۇر، ئەي شەيدا، بولماغىل نەدىن خۇشدىل،
كۆڭلۈم ئىچرە گۈلچېھرە داغى ئىشق يارىم بار.

مەن كىمۇ نىشاتى ئەيش يار ۋەسلىدىن مەھرۇم،
تازە گۈللار ئاچىلغان داغى ئىشقى يارىم بار.

ھەرنە ئىختىيار ئەيلەر ئەقلۇ جان ئاڭا تابىئ،
ئىختىيارى فەرئىدۇر ھەرنە ئىختىيارىم بار.

ھەيرەتىي جەمال ئىستەپ دەربەدەر گەدا بولدى،
ئەمدى خەلق ئارا بىلمە قايدا ئىئتىبارىم بار.

*　　　*

ئىشق يولىدا خارلىق گۈلىن گۈلىستانىمىز،
گۇۋەھ بەلا دەشتى غەمى باغ ئىلە بۇستانىمىز.

غەم كېچەسىدە تا سەھەر يار ئىشىكىدە تۇرغۇمىز،
چىقتى كۆڭۈل تەن ئۆيىدىن چىقمادى ۋە گەھ جانىمىز.

مەن ئايدىمۇ كۆڭۈل بىلە ئىككى رەفىقى يەكجىھەت،
ۋەھ گەھ ئاراغا كىردى ياش فاش ئېتەدۇر نىھانىمىز.

تولا تىلەر مەي تەڭرىدىن تاڭلا ئول ئول ئەي ۋىسالىمىز،
تەن كارۋان تۈنگە كۈن بەرگۈچىدۇر ئوغانىمىز.

يەتتى فەلەككە كېچەلەر نالەئى سۆز ئاھىمىز،
ھېچ يېتىشمەدى ئول ئاي شەمئىغە بۇ فىغانىمىز.

جادۇ كۆزۈڭگە شىممەسى بىر باقىبان مىلك ئۆلتۈرۈر،
تۈتغۇسى بىر كۈن كېلىپ ئەل قانى بىرلە قانىمىز.

سەيلى غەمىڭ تەلا تەمى بۇزدى كۆڭۈل ئىمارەتى،
قىلسا بولدى ئۆلفەتى رۇھ بىلە رەۋانىمىز.

خەستە كۆڭۈلنىكىم قىلۇر ئىشق ئارا تاپمادىم نىشان،
خەندەئى لەئل يارىدىن باردۇ مەگەر گۇمانىمىز.

*　　　*

ساقى جامى شاراب بارمۇ ئېكىن،
ئىشق دەردىگە تاب بارمۇ ئېكىن؟

ئۆزلۈڭدەك ھىجاب بارمۇ ئېكىن؟

ئەيىۆھاس ـ سابىرۇن فىل بەلەدا،
ھەجر ياڭلىغ ئەزاب بارمۇ ئېكىن؟

بەزمگاھ مەقام ۋەھدەت ئارا،
چېھرە بىنىقاب بارمۇ ئېكىن؟

جىگەرىم لەختە كۆز ياشىم بىرلە
نەمگىنرەك كەباب بارمۇ ئېكىن؟

زاھىدا بىھىساب ئەجر ساڭا،
ئىشق ئېلىگە ھىجاب بارمۇ ئېكىن؟

لالە يافراغى داغى سەھرا،
كۆكرەكىمدەك خەزاب بارمۇ ئېكىن؟

خاتىرىم كۈنجى بولدى ۋەيرانە،
ئامى فىل خەراب بارمۇ ئېكىن؟

ئەيكى دەرسەن ئانىڭ يۈزىدە ھۆباب،

ھەيرەتىي شەرىئەت ۋىسالى ئىستەر،
ساقىي، جامى شاراب بارمۇ ئېكىن؟

*　　　　*

ئالەم ئارا ھۆسن يا خۇرشىدى تابانمۇ دېيىن،
يا كۆڭۈلنىڭ قىبلەسى يا كەئبەئى جانمۇ دېيىن.

لەبلەرىڭ شەربەتتۇ كەۋسەر بىھىل ئەزام،
يا مەسىھ ئەنفاسىمۇ يا ئابىھەيۋانمۇ دېيىن.

تۇررەئى شامى يارۇتقان يا سائادەت بۇرجىدا،
شەمئى نۇر ئەفشان دېيىن يا ماھى تابانمۇ دېيىن.

ھەم كۆڭۈل ئاسايىشى، جانۇ جەھان ئارايىشى،
لۇتفى يەزدانمۇ دېيىن يا نۇرى ئىمانمۇ دېيىن.

ھەيرەتى سەرگەشتەدۇر يا ئەندەلىب خەستەدۇر،
كۇيىدۇر ئەرشى بىرىن يا باغى رىزۋانمۇ دېيىن.

*　　　　*

كەل ئەمدى كۆڭۈل لەھزەئى قىل فەراغ،
قىلالى ئىكەۋ سەيرى بوستان باغ.

تەنىمدۇر چىراغىنكى جان رىشتەسى،
كۆڭۈل فەتىلە كۆزۈم ئەشكى ياغ.

كۆچەر مۇتتەفىق ئورنىدىن بۇ دەرەخت،
ئۆچەر مۇختەلىف باد بىر كۇن چىراغ.

بۇ كۆيگەن قارا جىسمىمغا داغلار،
نېچۇككىم قارا ئۆرتەگەن يەردە زاغ.

غەنىمەتدۇر ئەھباب فەسلى بەھار،
زەمانى چەمەن سەھنىدە خۇش دىماغ.

ۋۇجۇدۇڭ ئەگەر بەرگ كاھىدۇرۇر،
ئېرۇر ئۇشبۇ يولدا فەلەك زىۋەرى باغ.

*　　　　*

گۇلدىن ئايرىلدى بىنەۋا بۇلبۇل،
خار زەخمىغە مۇبتەلا بۇلبۇل.

ھەر خەسى گۇلغە ھەمنەشىن ئولغاچ،
ئەيلەدى كۆكرەكىن يارا بۇلبۇل.

زاغلار گۇل ئاشىيان ئەتتى،
تۇتتى بۇ رەشكدىن ھەۋا بۇلبۇل.

گۇل غەمىدىن تامام ئۆرتەندى،
ئول سەبەبدىن كىيەر قارا بۇلبۇل.

ھەر سەھەر گۈلشەن ئىچرە فۇرقەتدىن
باشلادى تۈرفە ماجارا بۇلبۇل.

دېدىم: ئەي گۈل ۋىسالىغا مەھرەم،
نالىشىڭدۇر نەدىن، ئايا بۇلبۇل؟

ئايدىكىم ھەيرەتىي: بۇ غەم بىلەدۇر،
گۈلدىن ئايرىلدى بىنەۋا بۇلبۇل.

*　　　　　*

مەن نە مەستى بادەئى سەرسارى ئەنگۇر ئولمىشام،
بەلكى بىخۇد بادە ئىشقىدا مۇنەۋۋەر ئولمىشام.

ھەر زەمان ئەھلى مۇھەببەت كۆڭلىگە باشلاپ سۇرۇر،
گاھى جەننەت گاھى رۇئيەت ھەم گەھى تۇر ئولمىشام.

گاھى ۋەششەمس تۇلۇئ فەييىرى ئىرفان ئولۇپ،
گاھى جىبرىئىل ئىمىن ئايت نۇر ئولمىشام.

كۇن تۇركىنى رەمزىدىن ئەنە ئەللاھ فەھم ئېتىپ،
گاھى مۇسائى تەجەللى ھەم گاھى بىنۇر ئولمىشام.

گەھ فەنا دەرياسىغا تاشلاپ تەئەللۇق زەۋرەقىن،
گاھ نۇھۇ گاھى تۇفان گاھى بىنۇر ئولمىشام.

لۇتفۇ قەھرىدىن تاپىپ ھەر لەھزە دىگەر نەشئەئى،
گاھى شەھىد گاھ نىشۇ گاھى زەنبۇر ئولمىشام.

پەردەئى ئەلھان ئارا ھۇسنى مەلاھەت جىلۋەگەر،
گاھى نەي، گاھى رەبابۇ گاھى تەنبۇر ئولمىشام.

ھەيرەتىي باشىغا كەيفى بادە زور ئەتكەن زەمان،
پادىشاھى كىشۋەرى جەمشىدۇ فەغفۇر ئولمىشام.

*　　　　　*

ئەي كۆڭۈل، قەسدى ھەرىمى كىبرىيا قىلدىڭمۇ ھېچ،
بىر ئەمەل شايىستە بىرۇيى رىيا قىلدىڭمۇ ھېچ.

بىر ئەزىز مۇرشىدى كامىل ئاياغىن ياستانىپ،
خاكپايىنى كۆزۈڭگە تۇتىيا قىلدىڭمۇ ھېچ.

بىر خىرەدمەندى مۇھەققىق ئارىفى ئاگاھدىن
نۇكتەئى ئاڭلاپ ئۆزۈڭگە رەھنەما قىلدىڭمۇ ھىچ.

بىر فەقىر مەستمەند ئاجىز دىلخەستەنىڭ
كۆڭلىنى ئاۋلاپ ئۆزۈڭگە ئاشنا قىلدىڭمۇ ھىچ.

ئىشق ئوتى بىرلە گۇداز ئەيلەپ ۋۇجۇدۇڭ ھەستىنى
ئەھلى دىللار سۆھبەتىدىن كىميا قىلدىڭمۇ ھىچ.

دۇدى غەفلەتدىن قارا بولغان كۆڭۈل ئايىنەسىن،
ئافتابى مەئرىفەتدىن پۇر زىيا قىلدىڭمۇ ھىچ.

ھەيرەتىي، مەقبۇل ئىش سەندىن قۇسۇرى تاپمادى،
بارى غەفلەتدىن ۋۇجۇدۇڭنى فەنا قىلدىڭمۇ ھىچ.

*　*

دەرىغا، دىل چۇ بۇزرۇكۋار پىرى ئالىشان كەتمىش،
سالىپ زۇلمەت ئارا بىر ئەلنى خۇرشىد زەمان كەتمىش،
قىلىپ بىزنى بەسى ئاۋارە بىلمەنكىم قايان كەتمىش،
بەقاسىز دەپ جەھان مۇلكىنى شاھ خۇردەدان كەتمىش،
ۋەلي گەر كەتسە ھەر كىمدەك نە بىنامۇ نىشان كەتمىش.

نېتەي تىلەي مۇسۇلمانلار كېتىپدۇر ئول شە ئەئلا،
نە سۇد ئەمدى ئەگەر قىلسام تۈمەن فەريادۇ ۋاۋەيلا،
سىيادەت بەھرىدىن ئانداغ قاچاندۇر گەۋھەرۇ ۋالا،
دەرىغ، ئول خەلق شىرىنۇ دەرىغ ئول رۇتبەئى ئەئلا، ...
كى يەئنى ساھىبى مەسنەد چىراغخانەدان كەتمىش.

*　*

سۇتۇن بامدار بارگاھدىن ئېدى زاتىڭ،
زىبايى مەشغىل چەرخى شەرىئەت ئەردى كۇن ئاتىڭ،
ھەمىشە تائەتى تەقۋىيۇ تەسبىھ ئەردى ھالاتىڭ،
مۇرۇۋۋەت ۋەقتى يەكسان ئەردى ئانداغ ئاۋاز بىلە ...
شەرىئەت شەھرىدىن يەئنى بۇ دەم ئەمىن ئامان كەتمىش.

جەھان بىھبۇدى كەتمەكلىككى بۇ ئىشنى جەبر قىلدىم،
چىراغى دەھر ئۇچۇبان تىيرە بولماقغە ئەسىر بىلدىم،
داغى مەھشەر كۈنى ھاۋشىماقىنى مۇختەسەر بىلدىم،
بۇ كۈننى بىزگە يەلى مەھشەر كۈنىدىن ھەم بەتەر بىلدىم،
جەھاننى تىيرە ئەيلەپ چۈنكىم ئول مىھر خىبان كەتمىش.

قايان كەتتى، دەرىغا، زۇبدەئى خەيلى بەنى ئادەم،
كېتىپ ئانداغكى تا خەير ئەتمەيىن بىر دەم مەسىھا دەم،
ئەلىف قەدىم تاڭ ئەرمەس بولسا ئەمدى دال ياڭلىغ خەم،
بەس ئەرمەس بولسا ئالەم كۆزلەرىم سەيلابىدىن يەر نەم،
قويۇپ غەم ئىچرە بىزنى بۇلئەجەب ئول شادمان كەتمىش.

شەكەر ياڭلىغ كامالىڭ ياد قىلسام ئۆرتەنۇر جانىم،
نە تەنھا ئۆرتەنۇر جان خانۇمانىم بىلكى ئىمانىم،
نېتاڭ گەر ئەيلەسەم كۆڭلۇم كەبى چاك گىرىبانىم،
فەلەكنى قىلغۇسى پەژمۇردە ئاز بەس سۇزى ئەفغانىم،
مەدار مەزھەب ئايىن شەمئ شەب رەۋان كەتمىش.

تىلىم ۋەسفىڭ بەيان ئەتمەكدە ئانداغ كەڭ لال ئولغان،
ھەما تەئرىفىن ئايتمەك سەئۇەغە چۈنكىم مۇھال ئولغان،
قاچان ئەۋسافىغە سالىش مۇنداغ قىلۇ قال ئولغان،
ئەمەس مۇمكىن بار ئەھلى پىرەندە ھەمدىگا مەجال ئولغان،
مۇھال ئالەم مىھر سىيادەت ناگىھان كەتمىش.

نېچۈكدۇر ھالىڭ فۇرقەت ئوتىدا، ئەي بەرادەرلەر،
مۇسىبەت شامى كۆپ ئاۋارە بولغان نېچە ئەختەرلەر،
...

*　　　　*

....
چۈن تەماشايى جەمال ئاللاغا چۇ يا ئېدى.

بىر خۇداۋەندە ئاڭا باغى بىھىشت ئىچرە مەقام،
ھۇرلارنى قىل كەنىزەك خەيلى غۇلماننى غۇلام،

ئەيلەگىل ئەجدادى بىرلە ھەمنىشىن ھەم خىرام،
قىل كەرامەت ھۆللەئى قەد رەقبايى ئېھتىرام،
مۇستەھىقۇ بۇ مۇبارەك جامەئى زىيبا ئېدى.

بارچا قالغان شاھلارغا لۇتۇف قىل ئەمرى راز،
تاجۇ دەۋلەت بىرلە ئەيلە سەر بەلەندۇ سەرەفراز،
ئەيلەگىل ئالەم ئارا بىئىھتىياج بىنىياز،
بۇ دۇئاغا بەر ئىجابەت زىۋەرى بىرلە تەراز،
مۇستىجاب ئېتىلىك دۇئاسىن كىم دۇئا پەيما ئېدى.

كەلدى بۇ ئالەمغە ھەركىم بىر كۆنى ياناماق ئۆچۈن،
نېچە كۈن رىزقىنى يەپ ئەقلى سارى بارماق ئۆچۈن،
كەلمەدى ھېچكىم بۇ دۇنيا يۇزىدە تورماق ئۆچۈن،
جاۋدانى قەسرى ئايۋان سالىپ ئولتۇرماق ئۆچۈن،
كىمگە دۇنيا جاۋدانى مەنزىلى مەئۋا ئېدى.

ئىچمەيىن قالماس ئۆلۈم جامىنى بارچادىن ھەيات،
بەرمەيىن قويماس قىزا ساقىيلارى جامۇ ۋەفات،
تاپمادى ھېچكىم ئەجەل قولىلابىدىن بىر دەم نىجات،
ئۆمر ئالەم دەر كىزەردۇر جان ئادەم بىسەبات،
بولدى نامىدا جەھاندىن ھەرنەكىم پەيدا ئېدى.

ئۆزگۈسى بىر بىر قىزا گۈلچىنىنى جان رەگلەرىنى،
ساچقۇسى بادى خەزان رۇي جەھان گۈلزارىنى،
تۆككۈسى دەۋران قەدەھلەر بادەئى گۈلنارىنى،
ئالغۇسى ئاخىر ئامانەتدار ئامانەت بارىنى،
بەردى جان نەقدى ئەگەرچە شاھ ئەۋئەدنا ئېدى.

چۇن ۋۇجۇد ئۆزدىن ئەمەس بۇيى ۋەفاسى يوقتۇرۇر،
شەمئ ياناماي ئۆزىدىن نۇر بەقاسى يوقتۇرۇر،
زىندەئى جاۋىد ھەقدۇركىم فەناسى يوقتۇرۇر،
كىم ھەياتى ئالەمنىنىڭ ئىنتىھاسى يوقتۇرۇر،
ئۆز ۋۇجۇدى ئۆزىدىن قەبۇلۇم ھەم تا ئېدى.

خاسلارغا ھەزرەت ھەقدىن ۋەزىفە غەم ئېرۇر،
تۈئمە ئەندۇھ پۇشىش جامەئى ماتەم ئېرۇر،
قاشلارىدەك قەدلەرى بار بەلادىن خەم ئېرۇر،
كۆزلەرى شەبنەم زەدە نەرگىس كەبى پۇر نەم ئېرۇر،
سەرنەۋشت ئۇل قەۋمغە فەرياد ۋاۋەيلا ئېدى.

مۇستافاكىم شاھى ئۇششاق ئەردى سەر خەيلى جەھان،
ھەزىن ھاتەم جامەسى ئەردى بويىدا ھەر زەمان،
بولمادى بىر لەھزە بۇ غەمنى نە ئىچرە شادمان،
ئىككى فەرزەندى ئىككى زانوسىدا بەردىلە جان،
ھەر ئىككى سىما ئىككى نۇر دىدەئى بىدا ئېدى.

كىم مۇرادىغا مۇۋافىق ئەۋرۇلۇر چەرخ نىگۇن،
كىم ھەمىشە تاپتى بۇ دىۋار دەۋرىدە سۇكۇن،
بەرمەدى كىمگە جۇدالىق جامىنى ئۇل بەدۇرۇن،
قىلمادىكىم باغرىنى ئەفسۇسۇ ھەيرەت بىرلە خۇن،
باردىكىم رايىگە ئۇل بەدزىينەتۇ بەدراي ئېدى.

كىم جەھان ئاشۇبىدىن ئاشۇفتەۋۇ ھەيران ئەمەس،
كىم فەلەك بىدادىدىن ... ئەفغان ئەمەس،
كىم زەمان تەشۋىشىدىن سەرگەشتە نالان ئەمەس،
كىم ئۆلۈم ئەندۇھىدىن غەمگىن باغرى قان ئەمەس،
كىم ئۆلۈمدىن ئىمىنۇ ئازادۇ بىپەرۋا ئېدى.

سالماغىل مەشھۇر جەيبە ئۇزە چىن كىشۋەرىدىن،
ھەر كىشىگە ھەر غەم ئەندۇھ ئېرۇر تەقدىردىن،
ياندۇر ئالماس كىشى تەقدىرنى تەدبىردىن،
چۇن مەئرادۇر قەزا بىرلە قەدر تەئبىرىدىن،
بەس، رىزا بەردى قەزاغە ھەر كىشى دانا ئېدى.

*　　*

دەرىغا، ئالەم فانىدىن ئۇل قۇتبى زەمان كەتتى،
چىراغىدىن رەۋشەنۇ بەھىس مىللەت خاندان كەتتى،

ۋىلايەت مۈلكىدىن مەسنەدى نىشىن بۈزرگان كەتتى،
سىيادەت بەھرىدىن دۇر يەتىم بىگىران كەتتى،
تۇلۇئ ئەيلەپ ھىدايەت ئەۋجىدىن بەدەر جەھان كەتتى.

تەرىقەت رەھبەرۇ پىرى ھەقىقەت مۇرشىدى ئالەم،
شەرىئەت رەھنامايى پىشۋايى زۇبدەئى ئادەم،
تۆكۈپ ئەشكىن تۇتۇبان مۇرغ ماھى جۇملەسى ماتەم،
بىسات شادمانى تەي بولۇپ فەرش ئولدى رەخت غەم،
ئۇشۇل ماتەمسەرادىن شادەئى ئەھلى جەھان كەتتى.

خەراب نىشات بەخشۇ خەمى تەۋھىدە ئەردىكىم ئانىڭ،
مەئارىف ئەردى ئىرفان مەسنەدى ئۇزرە مەقالاتىڭ،
ھەمىشە سەيد شەھيار شەرىئەت ئەردى ھالاتىڭ،
سەرىر بەزمىدە مەھۋ ئولماق ئەردىكىم خىيالاتىڭ،
بەشەر سۈرەتى مۈلك سىرەتى رەۋاج خانادان كەتتى.

گۈلى زىينەت چىرايى باغ مەئنى خاجەئى خەلەس،
ھىدايەت ئەۋجىدە خۇرشىد بولماقلىغ ئاڭا مۇختەس،
ھاياۋۇ ھەلىم كامىدىن ئايدى ئول ئاشكارۇ نەس،
ئۇرۇج ئەيلەپ جەھان زىندانىدىنكىم تاپتىلار مەخلەس،
مۇئەررىخ خوي خەندە رۇي خوشكۇ دىلىستان كەتتى.

ئىمامى ئەۋلىيا سىر ھەلقەئى ئەۋلادى ئان سەرۋەر،
چىراغ مۇفتىدا رەۋشەن رەۋەج شەرئى پەيغەمبەر،
تەرىقەت پىشە شەرئ ئەندىشە مۈلك فەقىردە مۇھتەر،
تۆگەنمەس ۋەسفى گەر ئايتىلسە يۈز تەسنىف مىڭ دەفتەر،
ھەمە ئەھلى جەھان ئەردى ئول ... رەۋان كەتتى.

زايى چۇن خەلق خوش رەۋشەن شىمايىل خوش ئادابى سەد،
قىلۇر ئەردى فەساھەتدە ئەنا ئەفسەھەكە ئول تەقلىد،
مەلەلدە ھەم گۈلدا ئەردىلەركىم يا شەيخى تەئىيد،
رەۋاج مۇزھەبۇ ھەم ئەۋج مىللەت ھەم ئىبدى خۇرشىد،
غۇرۇب ئەيلەپ ئەھلى شامىدا كۆن زاتى نىھان كەتتى.

تەمەننايى ۋىسالىڭ ئەيلەر ئەردىم ئەي جەھان شادى،
ھەۋاغە بەندەلىكدىن ئالغاي ئەردىم خەت ئازادى،
ھەمىشە خىزمەتىڭدە بەرگەي ئەردىم بەندەلىك ۋادى،
كەرامەت ۋىلايەت ئېرۇرسەن سانىئى شادى،
ئەماما مۇقتىدايى ئەي قىبلەگاھى خاجەگان كەتتى.

دەرەخت ھەمدىئى شاخى مەنزىلگە سەمەر ئەردى،
سەئادەت ئاسمانى ئۇزرە خۇرشىدۇ قەمەر ئەردى،
نۇبۇۋۋەد چەشمە سارى گەردىدە ئول نىلۇفەر ئەردى،
چىمەنزار سەئادەت گۇللارىغە زىيبى فەر ئەردى.
مۇرۇۋۋەت باغىدىن كارەستەئى ئاخىر زەمان كەتتى.

ھەببىدە بەھر مۇۋەججى فەنادا گەۋھەرۇ ۋالا،
نەسىبدە ۋارىسى جەۋلان گەر ۋە مەيدان ئەۋئەدنا،
نەزىرى ھەيفدىن تاق ئەردىكىم ئول ۋەجھەدىن يەكتا،
مەلەك خەيلى بەشەر ئىخباسىدىن يوقتۇر ئاڭا ھەم تا،
سەخا ئايىن پىرى تەمكىن شاھ خۇردەدان كەتتى.

مەنكىم كۆيى مەدھىنى دىمەككە نې مۇھال ئولغاي،
سۇلايمان مەدھىن ئايتمەك مۇرغا ئەمىر مۇھال ئولغاي،
قۇياشىدىن سۆز دىمەك خۇففاشغا نە ئېھتىمال ئولغاي،
دەم ئۇرماق سەرۋدىن قۇمرىغاكىم نىچە خىيال ئولغاي،
رىيازى دەھردىن گۇلدەستەئى باغى جانان كەتتى.

كەل، ئەي ئەئجۇبە ئەسلى زەمان كۇلبەمنى رەۋشەن قىل،
تەئەللۇق خارىدىن مەملۇ كۆڭۈل يادىڭدا گۇلشەن قىل،
سىفاتىڭ ئەيلەمەكدە رىندىنى خۇشكۇي پۇر فەن قىل،
ئەسرى مەنكىم ئەيلەپ ئېدىڭ بەرەھمەن ئەمدى قىل،
....

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ)

ئەھمەد يەسسەۋىي



# نۇئمان ئان ھەزرەت قىسسەسى*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر توخسۇن

كۆرۈڭ قادىر قۇدرەتىنى، كۆرسۇن دېبان خىسلەتىنى،
مۇستەفانىڭ ئۇممەتىنى، مۇنداق تەشرىف قىلدىيا.

يوق ئەردىڭ بار ئەيلەدى، تەن ياراتتى جان بەردى،
قەترە سۇدىن بىزلەرنى مۇنداق تەشرىف قىلدىيا.

كۆزنى بەردى كۆرگەلى، ئەقىل بەردى بىلگەلى،
ھەق يادىنى ئايتقالى تىلنى يانا بەردىيا.

قولنى بەردى تۇتقالى، ئاياغ بەردى يۈرگەلى،
نىئمەت بەردى يېگەلى، شۈكرى قىلسۇن دېديا.

خۇدايىڭنى بىلمەيسەن، نېگە قۇللۇق قىلمايسەن،
ئاتا ـ ئاناڭ بارچاسى قارا يەرگە كىردىيا.

تۇغقان ئادەم ئانادىن قۇرۇق قالماس ئۆلۈمدىن،
ئۇشبۇ يۈرگەن ئادەملەر، ۋاللاھ، ئۆلەر دېديا.

سۆز مۇختەسەر قىلالى، سۆز باشىغا بارالى،
يادكار قىلىپ كۆرەلى، ئۆلمەس يەردىن دېديا.

بۇرۇن ئۆتكەن زەماندىن، پەيغەمبەرلەر سوڭىدىن
بىر ئەر قوپتى كوپىدىن ئاتى نۇئمان ئەردىيا.

* «سۇلتانۇل ـ ئارىفىن»دىن ئېلىندى.

ياراتتى ئۇل بىرۇ بار، ياراتقان ئەزىم جەببار،
مۇجەررەد ئەردى ئۆزى، ئاتى سابىت ئەردىيا.

ئارىق باشىغا باردى تەھارەت ئالماق ئۈچۈن،
بىر قىزىل ئالما سۇدا ئېقىپ كېلۇر ئەردىيا.

سابىت ئالمىنى كۆردى، ئالما پۇچۇق ئالمدۇر،
يېدى پۇچۇق ئالمانى، ئەندىشىلىك بولدىيا.

ئەگەر يېدىم ئالمانى، تاپسام ئەردى ئېگەسىن،
بەرسەم ئەردى بەھاسىن، دېبان قورقۇپ تۇردىيا.

پارچە ئالما قولىدا، چاھار باغلارنى كۆردى،
چاھار باغدىن چاھار باغقا سۇنى بويلاپ يۈردىيا.

بىر چاھار باغ ئىچىگە كىردى، ئالما قولىدا،
كىرىپ باغدا تۇردىلار، بىر ئەر قارشۇ كەلدىيا.

سەلام بەردى بۇ يىگىت ئۇشبۇ كىشىنى كۆرگەچ،
قولۇڭدىكى ئالماڭىز بىزنىڭ ئالما، دېدىيا.

مۇنى ئەمدى ئالىپسىز، بىزدىن بىرۇخسەت يەپسىز،
ئاخىرەتتە جەزاسىن خۇب كۆرەرسىز، دېدىيا.

يىگىت ئايدى: تۇرۇپمەن، سىزنى ئىزدەپ كېلىپمەن،
ئاخىرەتكە قويمايمەن، ھازىر بەرگۇم، دېدىيا.

ئۇل دەم يىگىتنى كۆردى، ئابىد ئىكەننى بىلدى،
بىر قىزى ھەم بار ئەردى، ساھىبجامال ئەردىيا.

ئۇل ئەر ئايدى: سۆزۈم بار، ئۆيۈمدە بىر قىزىم بار،
ئۇشبۇ قىزىمنى ئالساڭ، رازى بولاي، دېدىيا.

سۆزلەگەلى تىلى يوق، كۆرۇپ يۈرەر كۆزى يوق،
ئاياغى ھەم قولى يوق، قىزىم مۇنداق، دېدىيا.

بۇ قىزىمنى ئالمىساڭ، مېنى رىزا قىلمىساڭ،
يېرىم ئالما جەزاسىن سەندىن ئالغۇم، دېدىيا.

ئالاي دېسەم قىزنىنى، ئېلىپ نە قىلسۇن ئۇنى،
يېرىم ئالما يېگەندىن ئىلاج تاپماس، دېدىيا.

سۆزلەر سۆزى يوق بولسا، كۆرەر كۆزى يوق بولسا،
ئاياغ ـ قولى يوق بولسا، ماڭا مۈشكىل، دېدىيا.

سۆزنى قەبۇل قىلماسام، بۇ قىزنىنى ئالماسام،
ئاخىرەتتە جەزاسىن نە قىلۇرمەن، دېدىيا.

ھەرنە بولسام بولايىن، بۇ قىزنىنى ئالايىن،
ئاخىرەتنىڭ ئەزابىن مۇندا تارتاي، دېدىيا.

قەبۇل قىلدى سۆزنىنى، ئالماق بولدى قىزنىنى،
ئەخىرەتنىڭ ئازابىن قۇتۇلايىن، دېدىيا.

خۇشۋاق بولدى ئاناسى، رازى بولدى ئاتاسى،
تويلار قىلىپ نىكاھنى، ئول زەمانە ئالدىيا.

خوتۇنلار يىغىلدىلار، ئۆيگە تۆشەك سالدىلار،
قىزنى ئېلىپ كەلدىلەر، ئۇشبۇ يىگىت كۆردىيا.

كۆرگەچ ئۇنى بىلگەندە، قاچىپ تاشقارى چىقتى،
بۆلەك قىزنى كەلتۈرۈپ مازاق قىلدى، دېدىيا.

ئەندى يىگىتنى كۆرەرسىز، بىزنى مازاق ئېتەرسىز،
بىزگە دېگەن قىزنىڭىز ئول ئەمەستۇر، دېدىيا.

كۆزى ھەم يوق، تىلى يوق، ئاياغى ھەم قولى يوق،
مۇنداغ كېلۇر ھالى يوق، بىلۇرمۇسىز، دېدىيا.

خوتۇنلار كۆپ كەلدىلەر، قەھقەھ ئۇرۇپ كۈلدىلەر،
ئۇشبۇ ئېرۇر قىزىمىز، سىزگە ئايتقان، دېدىيا.

ئاي دېسىڭىز يۈزى بار، كۈن دېسىڭىز كۆزى بار،
ئايەت ھەدىس سۆزى بار، سىزگە ئېيتقان، دېدىيا.

يىگىت كۆردى قىزنىنى، تىرىك ئۇ كۆردى يۈزنىنى،
يالغانچىدۇر ئاتاسى، قىزنى ئالمام، دېدىيا.

كەلدى قىزنىڭ ئاتاسى: يوقتۇر سۆزۈم خەتاسى،
ئاتا بىرلە ئاناسى كېلىپ ئۇزرىن ئايتتىيا:

تىلى يوقتۇر دېگەنىم، غەيبەت سۆزنى قىلمادى،
كۆزى يوقتۇر دېگەنىم، نامەھرەمنى كۆرمەدى.

قولى يوقتۇر دېگەنىم، كىشى ھەققىن ئالمادى،
ئاياغ بىرلە تاشقارى ھەرگىز چىقماس، دېدىيا.

يىگىت مۇددەئانى ئايتتى، سىرنى كۆڭلىدە تۇتتى،
بۇ سۆز يىگىت كۆڭلىگە ئول دەم مەقبۇل بولدىيا.

يىگىت قىزغا قوشۇلدى، ئۇلفەت بولۇپ ئىشلەدى،
كۆڭۈللەرى قانىبان، ئول دەم ئارام ئالدىيا.

بىر نەچچە ۋاق ئۆتۈپتۇر، قىز ھامىلە بولۇپتۇر،
ئىچىدىكى ھامىلە بىر ئەر ئوغۇل توغدىيا.

ئوغلانغا ئات قويدىلار، كۆپ خەلايىق كەلدىلەر،
بۇ ئوغۇلنىڭ ئاتىنى «نۇئمان» بولسۇن، دېدىيا.

ئوغلان ئالتىگە كىردى، ئېلىپ مەكتەپكە بەردى،
ھەر كۈن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ كېلۇر ئەردىيا.

بىر پادشا بار ئەردى، ئۇشبۇ شەھەردە ئەردى،
خانىمى ئايدى پادشاغا، سەن دەۋزەخى، دېدىيا.

پادشاھ ئايدى: نېتەي، سەن سۆزنى بىلمەي ئايتارسەن،
مەن جەھەننەمى بولسام، سەن تالاق بول، دېدىيا.

تۆرت يۈز ئالىم يىغدۇردى، رىۋايەت بارمۇ؟ دېدى،
ئول كۈنگىچە تاپماسالار، ئۆلتۈرىمەن، دېدىيا.

بارچە ئالىم يىغىلدى، كىتابىنى بىر ـ بىر قىلدى،
رىۋايەتتىن تاپمايىن يىغلاشۇرلار ئەردىيا.

نۇئمان ئول كۈن سورادى: نېگە يىغلارسەن؟ دېدىيا،
ئول كۈن بولدى سىزلەرگە غەم چۈشۈپتۇر، دېدىيا.

مولla ئايدى: ئەي ئوغلان، مۇشكۇل تۇشتى بىر راۋان،
پادىشاغا رىۋايەت تاپادۇرمىز، دېدىيا.

پادىشاغا ئول خانىم: سەن جەھەننىمى، دەيدۇ،
مەن جەھەننىمى بولسام، سەن تالاق بول، دېدىيا.

مۇنچە نېگە يىغلارسەن، خانغا مېنى ئايتارسەن،
ئۇشبۇ سۆزنىڭ جەۋابىن مەن بېرەيىن، دېدىيا.

مولla دېدى: بارايىن، ئالىملارغا ئايتايىن،
بۇ سۆزۈڭنى ئالىملار خۇش كۆرەسۇن، دېدىيا.

مولla باردى ئالىمغا، ئالىم كەلدى ئوغلانغا،
ئوغلان ئەمەستۇر سىزلەرگە دوست بولغان، دېدىيا.

بۇ ئوغلانغا ئايدىلار، خانغا بارساق دېدىلەر،
خان ھاجىتى ماڭمۇ، مىڭ ئەلگە ھەم، دېدىيا.

ئانداق بولسا مەن بارمايمەن خان قاشىغا،
پادىشاھزادىلەر تۇرلۇك سەۋار باردۇر، دېدىيا.

ئالىملار كېلىپ ئايدى، پادىشاھغا دېگەندى،
ئانداق بولسا قىچىرنى ئالىپ بارغىل، دېدىيا.

ئەمىرلەر قىچىرنى نۇئمانغا ئېلىپ كەلدى،
بۇ ھارامزادە ئېرۇر، مۇڭا مىنمەي، دېدىيا.

ۋەزىرلەر يانا كەلدى، ۋاقىئەلەرنى ئاڭلاتتى،
ئانداق بولسا توپچاق ئېلىپ بارغىل، دېدىيا.

ۋەزىرلەر توپچاقنى ئېلىپ باردى قاشىغا،
ئۆزۈم كىچىك ياش ئوغۇل تۇتۇكدۇرمەن، دېدىيا.

يانا كەلدى ۋەزىرلەر بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاتتى،
مىنەدۇرغان نەرسىنى ئايتىپ بەرسۇن، دېدىيا.

نۇئمان بىر كۈن مەكتەپكە ئۆتۈپ بارۇر يولىغا
بىر جاھىل تام ئەتتۇرۇپ تۇرار ئەرمىش ئەردىيا.

نۇئمان ئايدى: ئەي جاھىل، يولغا ئەتمە تامىڭنى،
جاھىل ئايدى: ئەي گۇدەك، پاتمىدىڭمۇ؟ دېدىيا.

نۇئمان ئايدى: ئەي جاھىل، مەنغۇ ھالا پاتارمەن،
قاچان كەلسە ئاربىا پاتماي قالۇر، دېدىيا.

جاھىل ئايدى: ئەي گۇدەك، ئاربىاڭنى ئېلىپ كەل،
تاقاشقاندا يىقارمەن ئۇشبۇ تامنى، دېدىيا.

نۇئمان زاتىنىڭ غەرىزى جاھىل تامنى يىقماقتا،
ئالىپ كەلسۇن ئاربىا، ئاڭا مىنەي، دېدىيا.

ۋەزىر كەلدى: ئەي سۇلتان، مىنەر ئىكەن ئاربىا،
ئۇنىڭ ئەسلى تۇپراقتىن پەرۋىش تاپقان، دېدىيا.

پادىشا ئايدى: ئەي ۋەزىر، ئېلىپ بارغىل ئاربىا،
سەۋار بولۇپ ئىززەت ھەم ئايتىپ كەلسۇن، دېدىيا.

ئاربىالار ئىچىدە بىر ئاربىا چوڭ ئەردى،
ساۋار بولۇپ كەلمەككە ئانى ئېلىپ باردىيا.

نۇئمانغا يەتكەن زەمان ئاربىانى كۆردىلەر،
ياخشى بولۇپدۇر دېبان، كۆرەر بولۇپ كەلدىيا.

كەلگەن يولغا كىرمەي، بۆلەك يولغا تارتتىلار،
جاھىل ئىشىكىگە كېلىپ: يىق تامىڭنى، دېدىيا.

جاھىل نۇئماننى كۆردى، دەرھال تامنى يىقتى،
ئاندىن ئۆتۇپ ئول نۇئمان ئاتقا سەۋار بولدىيا.

بۇ ئوغلاننىڭ كەلگەننى پادشاغا ئاڭلاتتى،
ئالىملارغا پادشا: تاپتىڭلارمۇ؟ دېدىيا.

ئەي پادشا تېپىپمىز، مۇندا ئېلىپ كېلىپمىز،
ئۇشبۇ ئوغلان رىۋايەت مەن بېرەيىن دېدىيا.

پادشا تەختتە ئولتۇرۇپ كىچىك ئوغلاننى كۆردى،
ئالتە ياشار، ياش ئوغلان جاۋاب بەرمەس، دېدىيا.

ئوغلان ئايدى: ئەي سۇلتان، تەختتىن چۈشكىل زەمان،
تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ جەۋاب بەرگۈم، دېدىيا.

تەختتە سىز ئولتۇرۇپ بىزدىن سوئال سورىسىڭىز،
جەۋاب بەرسەك بىز مۇندا گۇناھكار سىز، دېدىيا.

پادشا تەختتىن چۈشتى، ئوغلان تەختكە چىقتى،
سوئالىڭغا ياراشۇر جەۋاب بەرگۈم، دېدىيا.

پادشا تەختتىن چۈشتى، قولىن قاۋۇشتۇرۇپ تۇردى،
سوردى ئاندىن سوئالنى سۆزنى تەمام قىلدىيا.

قورقارمۇسىز تەڭرىدىن، مۇنداغ يامان ئىشلاردىن؟
قايتقانمۇسىز گۇناھدىن، دېبان جەۋاب بەردىيا.

پادشا ئايدى: ئەي بوتام، بار ئىدى مېنىڭ ئاتام،
بۇ نازەنىن خىزمەتكار زەئىپە بار ئەردىيا.

بىر كېچە ئاتا باردىم، بارىپ يانىدا تۇردۇم،
قورقۇپ ئەندىشە قىلدىم، بۇ پەيلىمدىن، دېدىيا.

ئاتام نەزەر قىلسىلا، بۇ زەئىپە نازەنىن
دېبان يامان پەيلىمدىن قايتىپ ئەردىم، دېدىيا.

«ۋەننازىئات» ئوقۇدى، مەنىسىنى بىلدۇردى،
ھەيتىيەكى قولىدا ئېلىپ ئانى كۆردىيا.

«ۋەننەھفەل نەفسى كېتەل ھەۋايى بەئىننەل»،
بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى خانغا ئايتىپ بەردىيا.

سىزگە جەھەننەم بولماس، خېنىم ھەم تالاق بولماس،
بۇ ئايەتنىڭ مەئىنىسىن مۇنداق ئېرۇر، دېدىيا.

گۆرۈھ ـ گۆرۈھ ئالىملار، خان يانىدا قازىلار،
ئۇلۇغ ـ كىچىك خەلايىق تاڭ ئاجايىپ قالدىيا.

ئۇشبۇ ئوغلان ئەر بولۇر، ئەر ئىچىندە شىر بولۇر،
ئالتە ياشار ئوغلاننىڭ ئاتى «ئەئزەم» بولدىيا.

رىۋايەتلەر بىلدۈردى، ئالىملارنى تىندۈردى،
«ئىمام ئەئزەم» ئات قويىدى، ئۇشبۇ يەردە دېدىيا.

ئۆيگە كىشى ئىبەردى، سۆيۈنچە بەرگىل، دېدى،
ئالتە ياشار ئوغلىڭىز «ئەئزەم» بولۇپ، دېدىيا.

ئەي ئەئزەم ئاتىسى، زەئىپەئى ئانىسى،
يارىم ئالما شۇملۇقى ئالتە ياشقا قويدىيا.

يارىم ئالما يېمەسە، ئانا شۇملۇق قىلماسا،
ئۈچ ياشىدا بۇ ئوغلان ئەئزەم بولۇر ئەردىيا.

دىنىمىزنىڭ يارۇغى، ئىماملارنىڭ ئۇلۇغى،
مۆئمىنلەرنىڭ مەزھەبى ئىمام ئەئزەم بولدىيا.

بۇ ئىماملار بولمىسا مۇنى بىزگە بەرمىسە،
يولنى بىلمەس مۆئمىنلەر، قايدىن بارۇر ئەردىيا.

مۇھەممەدكە ئۈممەت بول، ئول ئەئزەمگە مەزھەب بول،
ئۇشبۇ تۇرۇر راست يول، مۆئمىنلەر يول تاپتىيا.

ئاشىق بولساڭ ئۇيۇما، نەفسىڭ يولىغا كىرمە،
شەيتاننى تېرىگ قىلما، نەفسىڭ ئۆلسۇن، دېدىيا.

تامام بولدى بۇ قىسسە، كەتتى كۆڭۈلدىن غۇسسە،
كۆڭۈل ئىچىدە يوق غۇسسە، كۆزۈم گىريان ئەردىيا.

نەزم قىلدى بۇ غەرىب، ئەرەنلەرگە يالبارىپ،
ئەرەنلەرنىڭ رۇھىدىن ماڭا مەدەد بولدىيا.

دېگەن ئەزىزلەر ئاتا، يوقتۇر سۆزۈمدە خاتا،
بۇ قىسسە بولدى تامام، قۇل خاجە ئەھمەد دېدىيا.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى چىرا ناھىيەلىك كۈتۈپخانىدىن دەم ئىبلىشقا چىققان)

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭغا تۈزۈلگەن ئىندېكىسلار



سابىت رۇزى

11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ديوان الغات الترك) ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان گۆھەردۇر.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەيمىز) ناملىق بۇ ئەسىرى ھىجرىيە 1333 ــ 1335 ـ (مىلادىيە 1914 ــ 1917 ـ) يىللىرى دۇنياغا تونۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە بولغان بىر ئەسىر داۋامىدا بىرقانچە مەملىكەتتە، بىرقانچە تىلدا نەشر قىلىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىش نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيىتىنى دۇنياغا تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ ئەسەرنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسىگە پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرى يۇقىرى باھا بەرمەكتە.

مەھمۇد كاشغەرىي 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھرگە ھۆكۈمران بولغان قاراخانىيلار جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان. ئۇنىڭ خانزادە ئىكەنلىكى، تۈرك يۇرتلىرىنى ئايلىنىپ چىققانلىقى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىز...»① دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان ۋە ياشىغان يۇرتى قەشقەرنىڭ قايسى يېرىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا «دىۋان»دا ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئۇ قەشقەر ئەتراپىدىكى بىرقانچە جاي ئىسىملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇلارنىڭ ئىچىدە «ازغ» سۆزىگە *اسم قريه لنا* ② (بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى) دەپ ئىزاھ بەرگەن. شۇنىڭدەك «ابل»③ (opal) سۆزىگىمۇ شۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن. قەشقەر

① «دىۋان»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 ـ توم، 86 ـ بەت.
② «دىۋان»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 ـ توم، 99 ـ بەت.
③ «دىۋان»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 ـ توم، 152 ـ بەت.

ئەتراپىدىكى باشقا جايلارنىڭ ناملىرىنى ئىزاھلىغاندا، «بىزنىڭ» دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلمىگەن، بەلكى *اسم قريه الكاشغر* (قەشقەردىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى) دەپ ئىزاھلىغان. يۇقىرىدىكىلەرنى شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان ۋە ياشىغان يۇرتى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى ئازىغ (ئازىق) كەنتى. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان، ياشىغان يۇرتى ۋە مازىرى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەر① ھەم كېيىنكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر بىزنىڭ بۇ پەرىزىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يەنە كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان بىر مەلۇمات شۇكى، تۈركىيەلىك ئىسھاق رىفئەت (ئېشتىمان) ئۆزىنىڭ 1932 ـ يىلى ئېلان قىلغان «تىل قۇرۇلتىيى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركچە ئۈچۈن بىر دوكلات» دېگەن ئەسىرىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ۋە ئەسىرى توغرىسىدا قىسقا لېكىن مەزمۇنلۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئەمما، ئىسھاق رىفئەت بۇ مەلۇماتلارنىڭ ھېچقانداق مەنبەسىنى كۆرسەتمەيدۇ ۋە مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە: «مەھمۇد ئوپال يېزىسىدىن ئىدى، دادىسى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىغا كۆچۈپ بارغان، مەھمۇد شۇ يەردە تۇغۇلغان②» دەيدۇ. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئىبراھىم مۇتىئى ۋە مىرسۇلتان ئوسمانوف مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز يۇرتى توغرىسىدا «دىۋان» دا بەرگەن بېشارەتلىرىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، 1982 ـ يىلى قەشقەر ۋە ئوپالدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، مەھمۇد كاشغەرىي «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلىغان ئازىغ دېگەن يەر خۇددى شۇ ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەخمىنەن 300 — 400 مېتىر جەنۇبىدىكى «ئازىق تىكەن دارىسى» (ھازىرقى ئاتىلىشى «سۆسەر ئاغزى») دېگەن ئېقىننىڭ ئاغزىغا جايلاشقان (قەدىمكى ئازىغ ئىسمىدىكى «غ» تاۋۇشى «ق» تاۋۇشىغا ئايلىنىپ كەتكەن). ئۇلار يەنە «ھەزرىتى موللام» مازىرى توغرىسىدىكى تەزكىرىلەر، خاتىرىلەر ۋە خەلق ئاغزىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئازىق كەنتىدە تۇغۇلغانلىقى ۋە شۇ يەردە ياشىغانلىقى، باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئوپالدىكى «مەھمۇدىيە» مەدرىسىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغانلىقى ۋە 97 يېشىدا ئوپالدىكى ئازىقتا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.③ 1983 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى دەپ بېكىتىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

## «دىۋان»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى كۆپلىگەن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىزنى ھەر جەھەتتىن مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا تۈركىي قەبىلىلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان، ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەلىك جايلىشىشلىرىنى

① ئابلىمىت روزى: «ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»» ناملىق ئەسىرى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 1981 ـ يىللىق، 1 ـ سان 17 ـ بەت.
② م. شاكىر ئۈلكۈ تاشىر (تۈركىيە): «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرىي»، 141 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000 ـ يىلى.
③ ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوف: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا».

چۈشەندۈرگەن. تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ شۇ چاغدىكى تېررىتورىيەسى، شۇنىڭدەك تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيەۋىناملار بېرىلگەن. ئۇ غەربتىن باشلاپ شەرققە قەدەر سوزۇلۇپ ياتقان كەڭ زېمىندىكى تۈركىي قەبىلىلەرنى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان ئەمەسلىكىگە قارىماي بىرمۇبىر تونۇشتۇرغان. مۇئەللىپ شۇ چاغلاردا تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرغاندىمۇ ئۇلارنى زور ئىشتىياقى بىلەن تىلغا ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان شەھەرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ ئۆتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي «دائىرە» دەپ ئاتالغان بىر خەرىتە ئارقىلىق تۈركىي قەبىلىلەر جايلاشقان تېررىتورىيەنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ خەرىتىدە تۈركىي قەبىلىلەر جايلاشقان كەڭ زېمىننىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشى، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، تاغ، دېڭىز، دەريا، كۆللەر كۆرسىتىلگەن. مۇئەللىپ «دىۋان»دا كۆرسىتىلگەن نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەدەبىي پارچىلار (شېئىر - قوشاقلار)، ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. مانا بۇلار بەكمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋان»نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن 11 - ئەسىردە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شاھانە ئەسىرىدە «خاقانىيە تىلى»نىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە لېكسىكولوگىيەسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى ناھايىتى ئىخچام ۋە ئوقۇشلۇق قىلىپ چۈشەندۈرگەن. «دىۋان»دا تونۇشتۇرۇلغان سۆزلەر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا دائىر ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق (ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋاناتلار، ئۇچار قاناتلارنىڭ ئىسىملىرى)قا دائىر سۆزلەر؛ تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ۋە ھۈنەر - سەنئەت (تۈرلۈك تاماقلار ۋە ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى، مەي ئېچىتىش ئۇسۇللىرى، تۈرلۈك رەختلەرنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلاردىن تەييارلىنىدىغان كىيىم - كېچەكلەر، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇئامىلە، ئەدەپ - قائىدىلىرى، زىبۇ - زىننەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى) كە دائىر سۆزلەر؛ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى (ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ ناملىرى، ئۇنۋانلىرى، ھەربىي تۈزۈملىرى) غا دائىر سۆزلەر؛ ئاسترونومىيە، تېبابەت ئىلمىگە دائىر سۆزلەر، ئۇيغۇر كالېندارچىلىقىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەزى ئەھۋاللارنى، مەسىلەن، شۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلەرگە دەزمال سېلىپ كىيىدىغانلىقى، يىپەك قول ياغلىقلارنى ئۆتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغان. مۇئەللىپ مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەرنى يورۇتۇپ بېرىشتە جانلىق ئۆرنەكلەردىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان. بىز بۇلاردىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى، پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى، جۇغراپىيەسى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى ئالالايمىز.

## «دىۋان»نىڭ تېپىلىشى

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۇ ئەسىرى مىلادىيە 1072 ـــ 1074 ـ يىللاردا باغدادتا يېزىلىپ، ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭ 27 ـ سى بولغان مۇھەممەد ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللاغا تەقدىم قىلىنغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەر باغدادتا بىر مەزگىل ساقلانغاندىن كېيىن قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ كۆپ نۇسخا كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. تۈركىيە ئالىمى م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق ئەسىرىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.① «دىۋان»نىڭ ئەسلىي قول يازما نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى، بۇ كىتاب نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە كۆمۈلۈپ قالغانىدى. گەرچە بۇ كىتابنىڭ ئىسمى باشقا ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىققان ئەمەس.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە تېپىلدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھازىر ئىستانبۇلدا ساقلىنىۋاتقان بۇ قول يازما نۇسخىسىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نەزىف بېينىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتابپۇرۇش ئارقىلىق كىتاب بازىرىغا ئاپىرىپ ساتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب ئاتاقلىق كىتاب ھەۋەسكارى ئەلى ئەمىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان. ئاخىرىدا بۇ كىتاب نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەلى ئەمىرى بۇ كىتابنى تەھرىرلەش ۋە نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى كىلىسلىق رىفئەت ئەپەندىگە ھاۋالە قىلغان.

ئەرەبچە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسلىدە چوڭ بىر توم بولۇپ، جەمئىي 319 ۋاراق، 638 بەتتىن ئىبارەت بولغان. كىلىسلىق رىفئەت ئەپەندى: «كىشىلەرنى بۇ كىتاب قانداق بولۇپ كېتەر، دېگەن ئەندىشىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن» ئۈچ تومغا ئايرىپ ئىشلەپ چىققان ۋە ھىجرىيە 1333 ـــ 1335 ـ (مىلادىيە 1914 ـــ 1917) يىللىرى ئۆز ئەينى بويىچە (ئەرەب تىلىدا) تۇنجى قېتىم مىنخ مەتبەئەدە باستۇرغان. ئەسلىي كىتابتا باش قۇرلار (سۆزلەملەر) ئايرىلمىغانىكەن. ئۇ باش قۇرلارنى ئايرىپ ئۇچۇق كۆرسەتكەن، كەم يەرلىرىنى تولدۇرغان. شۇنداق قىلىپ بۇ لۇغەتنى يېڭى زاماننىڭ ئۇسۇلى بويىچە نەشر قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە «دىۋان»نىڭ تەھرىرلىكىنى ئۆزى ئىشلەپلا قالماستىن، كىتابنىڭ بېسىلىشىغا باشتىن ـ ئاخىر نازارەتچىلىك قىلغان.

## «دىۋان» تەتقىقاتى ۋە تەرجىمە، نەشر قىلىنىش ئەھۋالى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەيدانغا چىقىشى ۋە ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە، بولۇپمۇ تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە چوڭ بىر ۋەقە بولدى. «دىۋان»نى تۇنجى بولۇپ كىلىسلىق

① م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر (تۈركىيە): «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرىي»، 44 ـ، 46 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000 ـ يىلى.

رىقىئەت ئەپەندى ئەرەب تىلىدا مىخ مەتبەئەدە باستۇرۇپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنى ئالىملار تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەتقىق قىلىپ تۈرك، گېرمان، ۋېنگىر، رۇس، ئىنگلىز ۋە باشقا تىللاردا كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كارل بروككېلمان، ۋ. بارتولد، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى (توغان)، مارتىن هارتمان، م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتۇر.

1928 - يىلى پىروفېسسور كارل بروككېلمان تۇنجى بولۇپ «دىۋان»دىكى سۆزلەرنى بىر كىتابقا توپلاپ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇ «دىۋان»نىڭ يازما نۇسخىسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىغاچقا، ئەرەبچە باسما نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ بۇ تۇنجى تەرجىمىسى «دىۋان»نى ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇشتا ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغان. بروككېلماننىڭ نەشرى گېرمانچە بولغاچقا، ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن كىشىلەر پايدىلىنالمايتتى. شۇڭا، تۈركىيەدە بىرقانچە ئالىملار بۇ كىتابنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ نەشر قىلىنمىدى. ئاخىر بېسىم ئاتالاي مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدى ۋە 1939 — 1941 - يىللىرى ئۈچ توملۇق تۈركچە تەرجىمىسىنى، 1942 - يىلى فاكسىمىلى (فوتو سۈرەت نۇسخىسى)نى ۋە 1943 - يىلى ئىندېكسىنى نەشر قىلدۇردى. بېسىم ئاتالاي بۇ تەرجىمىسىگە ئۇزۇن بىر كىرىش سۆز يازغاندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاۋە بەرمىدى. بېسىم ئاتالاينىڭ بۇ تەرجىمىلىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن «دىۋان» تەتقىقاتىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى.

1960 - يىلدىن ئېتىبارەن تاشكەنتتە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ سالىھ مۇتەللىپوف تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ توملۇق نۇسخىسى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. 1967 - يىلى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «دىۋان»نىڭ ئۆزبېكچە ئىندېكسى نەشر قىلىندى. 1 - تومغا سالىھ مۇتەللىپوف «11 - ئەسىرنىڭ بۈيۈك فىلولوگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ناياب ئەسەرلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئۇزۇن ماقالە، 2 - تومنىڭ بېشىغا «سۆز بېشى ئورنىدا» دەپ كىرىش سۆز بەرگەندىن باشقا، ھەربىر تومنىڭ ئاخىرىغا يەر، قەبىلە، شەخس ناملىرى ۋە ئايرىم سۆزلەر ھەققىدە بىرمۇنچە ئىزاھلار بېرىلگەن.

1978 - يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ خىزمەت ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى بىر قىسىم ئىلمىي خادىملار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى ئىلمىي كۈچلەر جەلپ قىلىنىپ مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەنگەنىدى. مۇشۇ گۇرۇپپىغا قاتناشقان ئىلمىي خادىملار «دىۋان» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا يازما نۇسخىنىڭ ھازىر ئىستانبۇل گېنەل (باش) كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان، ئەسلىي ئىراننىڭ ساۋە دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ، كېيىن دەمەشقتە ياشىغان مۇھەممەد ئىبىن ئەبى بەكرى ئىبىن ئەبۇلفەتھى تەرىپىدىن مۇئەللىپنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنىڭ فاكسىمىلى (فوتو سۈرەت نۇسخىسى)نى ئاساس قىلغان. كىتاب ئۈچ توم

قىلىنىپ، 1980 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى («دىۋان»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئۇيغۇرچىسى بىلەن بىللە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن كېچىكىپ 2002 ـ يىلى نەشر قىلىندى). 1 ـ تومغا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى نامىدىن يېزىلغان «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›» دېگەن ماۋزۇدا ئۇزۇن ماقالە، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلگەن ۋە «دىۋان»نىڭ فاكسىمىلىدىن تۆت بەت قوشۇمچە قىلىنغان.

روبېرت دانكوف ۋە جامىس كېللىلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «دىۋان»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 1982 ــ 1985 ـ يىللاردا شىناسى تېكىن، گۆنۈل ئالپاي تېكىنلەر تەرىپىدىن ئىندېكسى بىلەن قوشۇپ ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى (ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىدا ئەنئەنىۋى ئۈچ توم ئىككى توم قىلىنغان. ئىندېكسى 3 ـ توم قىلىنغان). «دىۋان» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە روبېرت دانكوف ۋە جامىس كېللىلار تەرىپىدىن يېزىلغان، 13 ماۋزۇغا بۆلۈنگەن ناھايىتى ئۇزۇن بىر مۇقەددىمە بېرىلگەن.① مۇقەددىمىدە «دىۋان» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى كېيىنكى يىللاردا ئېرىشىلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى يەكۈنلىنىش ئاساسىدا بىرمۇنچە يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «دىۋان» نىڭ ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى دىۋانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

قازاقىستانلىق تەتقىقاتچى زىفا ئالۇئا ئەۋەزوۋا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، دوكتور روبېرت ئېرمېرس تەرىپىدىن ئىندېكسى تۈزۈلگەن «دىۋان»نىڭ رۇس تىلى تەرجىمىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەن ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى ر. ب. سۇلايمانوف نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى نامىدا 2005 ـ يىلى ئالمۇتادىكى «دايىك ـ پرېس» نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئەسەرنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى (ئىندېكسى بىلەن قوشۇپ) بىر تومدىن ئىبارەت بولۇپ، كىتابنىڭ باش تەرىپىگە زىفا ئالۇئا ئەۋەزوۋا تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆز بىلەن 10 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان ئۇزۇن بىر مۇقەددىمە بېرىلگەن. بۇ «مۇقەددىمە» «دىۋان» تەتقىقات ساھەسىگە بېغىشلانغان بولۇپ، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نىڭ نەشرلىرى توغرىسىدا»، «20 ـ ئەسىردە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نىڭ قول يازمىسى ھەققىدە»، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نى يېزىشتىن مەقسەت»، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نىڭ مۇئەللىپى توغرىسىدا»، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نىڭ يېزىلغان دەۋرى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان ترانسلىتېراتسىيە (ھەرپمۇھەرپ كۆچۈرۈش شەكلى) سىستېمىسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن.

«دىۋان»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۆزىنىڭ كېلىش تەرتىپى بويىچە نومۇر بىلەن بېرىلگەن. «دىۋان» نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنى ئىشلەش ۋە ئۇنى نەشرگە تەييارلاشتا تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان يازما نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان.

---

① بۇ مۇقەددىمە ئامىنە ئابدۇراخمان تەرىپىدىن ئىبراھىم مۇتىئىينىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن بۇنىڭ بەش ماۋزۇسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن بۇ مۇقەددىمىنىڭ 10 ـ ماۋزۇسى (بەزى جايلىرى بىر ئاز قىسقارتىلىپ) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ــ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«دىۋان»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدە سۆزلەمدە كەلگەن ئىسىملار ئۆز بويىچە بېرىلگەن. پېئىللار بولسا بۇيرۇق شەكلىدە (2 ـ شەخس بىرلىك فورمىسىدا) بېرىلگەن. ھەربىر سۆزلەمنىڭ ئالدىغا نومۇر قويۇلغان بولۇپ، بۇ نومۇرلار ئاشۇ سۆزلەمنىڭ رەت نومۇرىنى، شۇنداقلا پۈتۈن «دىۋان»دىكى سۆزلەمنىڭ سانىنى بىلىشكە ئىمكانىيەت ياراتقان. ئاندىن كېيىن مۇئەللىپ كۆرسەتكەن تۈركىي سۆزلەر ترانسلىتېراتسىيەلىك شەكلىدە بېرىلگەن. قالغانلىرىمۇ ئۆز تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن.

بۇلاردىن باشقا، «دىۋان»نىڭ تۈركچىگە قىلىنغان يەنە بىر نۇسخىسىمۇ «كابالجى» (تۈركىيە) نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «دىۋان» نىڭ يەنە بىرقانچە تىللارغا قىلىنغان تەرجىمىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

قازاقىستانلىق تەتقىقاتچى ئەسقەر قۇرماش ئوغلى ئىگەيبايېۋ «دىۋان»نى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، 1997 ــ 1998 ـ يىللىرى ئۈچ تومغا ئايرىپ نەشر قىلدۇرغان.

ھۈسەيىن دۈزگۈن (ھۈسەيىن مۇھەممەد زادە سادىق) تەرىپىدىن «دىۋان»نىڭ پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر توملۇق نۇسخىسى 2004 ـ يىلى تېھراندىكى ئاقتار نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

رەمىز ئەسقەر تەرىپىدىن ئەزەربەيجان تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى ئىندېكسى بىلەن تۆت توم قىلىنىپ، 2006 ـ يىلى باكۇدا نەشر قىلىنغان. بۇلار توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە توختالمىدۇق.

## «دىۋان»نىڭ تۈزۈلۈش سىستېمىسى

«دىۋان»نىڭ تۈزۈلۈش سىستېمىسى توغرىسىدا گەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قانداق تارىخىي شارائىتتا يېزىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئاخىرقى ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتكۈزگەن باغداد ئەرەب ـ ئىسلام ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئوغۇز تۈركمەنلىرى قۇرغان سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغانىدى. شۇڭا، بۇ شەھەر ئۆز نۆۋىتىدە ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىش، تەسىر كۆرسىتىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈرك ئۆلكىلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بىرمۇنچە ئالىملار ۋە زىيالىيلار باغدادقا كېلىپ توپلىنىپ قالغانىدى. تەركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە باغدادتىكى ئەرەب مەھكىمىلىرى، خەلىپە سارىيى تېزلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ نوپۇزى ئاستىغا ئۆتتى. ئەنە شۇنداق تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسەت ۋە مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئاھالىنىڭ بەزى قاتلاملىرىنىڭ تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياجىنى مەيدانغا كەلتۈردى. «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش

ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق ئىدى»①؛ «تۈركىي تىل ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتاتتى.»② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەنە شۇنداق ئېھتىياج تەقەززاسى بىلەن مەيدانغا كەلدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈزۈلۈشى جەھەتتە ناھايىتى كۆپلىگەن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادا تەڭدىشى بولمىغان يېگانە ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشىغا دائىر ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەر ۋە بىر قىسىم تارىخ، ئەدەبىيات، ئېتنىك ئەھۋاللار، ئۆرپ ـ ئادەت، شۇنىڭدەك پەلسەپە، ئەخلاقىي قاراشلار ھەم قەبىلىلەر ياشىغان جايلارنىڭ جۇغراپىيەسى كەڭ دائىرىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «... ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم.»③ يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئەنە شۇنداق جاپالىق، ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىسىدا توپلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يالغۇز تىلشۇناس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن، يۇقىرى بىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە جەمئىيەتشۇناس ئالىم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇرەككەپ نەمۇنە سىستېمىسى ئاساسىدا تۈزۈپ، لۇغەتشۇناسلىق ئىلمىدە يېڭى بىر ئۆلگە ياراتقان ۋە مۇشۇنداق بىر چوڭ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تۈرك يۇرتلىرىنى ئارىلاپ، تۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى رەتلەپ، شۇ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەم لۇغەتنى قانداق ئۇسۇلدا تۈزۈش توغرىسىدا كۆپ ئىزدەنگەن.

مۇئەللىپ «دىۋان» نى قانداق ئۇسۇلدا تۈزگەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ: «مەن بۇ ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى ـ يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم»④ دەيدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دىكى تۈركىي سۆزلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئەرەب تىلشۇناسلىقىنىڭ مېتودولوگىيەسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قوللانغان بۇ سىستېمىنى ئۆز زامانىسىغىچە پەقەت بىرلا ئەرەب لۇغەتشۇناسى ـــ «دىۋانۇل ئەدەب فى بايان لۇغاتۇل ئەرەب» («ئەرەب تىلىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەدەبىيات دىۋانى») ناملىق ئەرەبچە لۇغەتنىڭ مۇئەللىپى ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەلفارابىي (ھىجرىيە 350 ـ يىلى، مىلادى 961 ـ يىلى) قوللانغان. ئۇنى مەھمۇد كاشغەرىيدىن باشقا ھېچبىر تۈرك ياكى پارس لۇغەتشۇناسى قوللىنىپ باقمىغان.⑤ بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئەدەب»

① «دىۋان»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 ـ توم 2 ـ بەت.
② «دىۋان»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 ـ توم 5 ـ بەت.
③ «دىۋان»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 ـ توم 3 ـ بەت.
④ «دىۋان»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 ـ توم، 86 ـ بەت..
⑤ «دىۋان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 ـ توم، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى.

(«ئەدەبىيات») سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان تار مەنىدىكى ئەدەبىيات ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تىلشۇناسلىققا ئائىت بارلىق ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، يۇقىرىدىكى مۇئەللىپنىڭ لۇغەت تۈزۈش سىستېمىسى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن، دېگەندىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ھەر جەھەتتىن مۇستەقىل بىر ئەسەردۇر. ئەڭ مۇھىمى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، تۈركىي تىلىنىڭ تۇنجى لۇغىتىدۇر.»①

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» نى تۈزۈشتە ئالاھىدە بىر يول تۇتۇپ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىر يېڭىلىق ياراتقان ۋە تۈركىي سۆزلەرگە نۇرغۇن جۈملىلەر، ماقال - تەمسىللەر ۋە ئەدەبىي پارچىلارنى مىسال كەلتۈرۈپ بۇلارنى لۇغەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلغان. ئۇنىڭ: «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن بىرنەچچە يىللار مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم. تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم»② دېگىنىدە مۇشۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ «دىۋان» دا تۈركىي سۆزلەرنى ئىزاھلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر بابنىڭ ئاخىرىدا شۇ بابتىكى سۆزلەرنىڭ مۇكەممەل قائىدىلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. مۇئەللىپ «دىۋان»نىڭ كىرىش سۆزىدە «كتاب جواهر النحوفى الغات الترك» («تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى») دېگەن مەخسۇس كىتاب يازغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتاب ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

بىز «دىۋان»نى زەن قويۇپ ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆگىنىدىغان بولساق، لېكسىكىلىق سۆزلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىرىنسىپلىرىنى بىلىۋالالايمىز. «دىۋان» ئىككى ئاساسىي قىسىمغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭ بىرى مۇقەددىمە قىسمى، يەنە بىرى لۇغەت قىسمىدۇر. مۇقەددىمە قىسمىدا تۈركىي تىللارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى، قوللىنىلغان يېزىقلار، ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى، پېئىللاردىن ياسالغان ئىسىملار، سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى، تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى ھەم تۈركىي تىللارنىڭ دىيالېكتولوگىيەسىگە دائىر ئاساسىي قائىدىلەر بايان قىلىنغان. يەنە ئۇنىڭغا بىر پارچە يۇملاق شەكىللىك خەرىتە قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تاغ، دېڭىز، دەريا، كۆللەر ۋە مۇھىم شەھەرلەر، قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن.

لۇغەت قىسمى 15 بۆلۈم (كىتاب)③، 35 چوڭ باب، 125 باب، 203 تارماق ماۋزۇغا بۆلۈنگەن. بۇ يەردىكى بابلار ۋە تارماق ماۋزۇلار بىر خىل «قېلىپ» بولۇپ، ھەممىسى ۋەزىن خاراكتېرىگە ئىگە. مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەب لۇغەتشۇناسلىقىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىي سۆزلەرنى مۇشۇ «قېلىپ»لار ئاساسىدا ھەربىر باب، ھەربىر تارماق ماۋزۇدا ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپى بويىچە ئىلمىي ئۇسۇلدا تىزىپ چىققان. ھەرقايسى باب، ماۋزۇلارغا سۆزلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا شۇ سۆز

① شۈكرى خالۇك ئاكالىن: «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›، 68 - بەت، ئەنقەرە، 2008 - يىلى.
② «دىۋان»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 - توم 4 - بەت.
③ مەھمۇد كاشغەرىي بۇ لۇغەت كىتابىنى سەككىز بۆلۈمگە يىغىنچاقلىدىم، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى، پېئىل ۋە ئىسىم شەكىللىرىنى قوشۇپ بىر بۆلۈم قىلىپ قارىغانلىقىدا بولسا كېرەك.

تومۇرىنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرى ئاساس قىلىنىپ، شۇ خىل ھەرپ بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپى ئاساسىدا بىر قاتارغا تىزىلغان. پېئىللاردا بولسا، پېئىل يىلتىزىنى ئاساس قىلغان. بۇ يىلتىز پېئىلنىڭ بۇيرۇق مەنىسىنى ئالغان تۈپ شەكلى بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆز رېتىدە يەنە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. «دىۋان» دىكى بۇ خىل تىزىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب ھەرپىنىڭ ئۇزۇك تاۋۇش شەكلىنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھەرىكىلەر (ئەرەبچىدە سوزۇق تاۋۇشلار ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بەلگىلەر)نى قويۇش ئارقىلىق سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگەن. ھەرپلەرنىڭ ۋە ھەرىكىلەرنىڭ بۇنداق ئىلگىرى - كېيىن كېلىشىمۇ مەلۇم تەرتىپكە ئاساسلانغان. مۇئەللىپ سۆزلەرنى مۇشۇ «قېلىپ»تا تىزىش ئۇسۇلىنى ئىنتايىن ئۇنۇملۇك قوللانغان.

«دىۋان»دا سۆزلەر ئىككىگە ئايرىپ كۆرسىتىلگەن، يەنى ئالدى بىلەن ئىسىملار، ئاندىن كېيىن پېئىللار كۆرسىتىلگەن. مۇشۇ ئىككى چوڭ سۆز تۈركۈمىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەرمۇ مۇشۇ ئىككى دائىرە ئىچىدە بايان قىلىنغان. مەيلى ئىسىملاردا بولسۇن ياكى پېئىللاردا بولسۇن ئاۋۋال ھەمزىلىك ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۆزلەر، ئاندىن باشقا ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپىدە بېرىلگەن. مۇئەللىپنىڭ كۆرسىتىشىچە، تۈركىي تىللاردا ئەڭ ئاز ھەرپلىك سۆزلەر ئىككى ھەرپتىن، ئەڭ كۆپ ھەرپلىك سۆزلەر يەتتە ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارمۇ ھەرپ سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ شۇ تەرتىپتە بېرىلگەن.

يازما نۇسخىدا ھەربىر باب ۋە ماۋزۇلاردا كەلگەن سۆزلەر تۈركۈمىنىڭ باش تەرىپىگە چىقىرىپ كۆرسىتىلگەن، ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن كەلگەن قىزىل سىياھلىق ھەرپلەرنى كۆرىمىز. دىققەت بىلەن قارىغىنىمىزدا، بۇ تەركىبىدە شۇ ھەرپ بولغان سۆزلەر تۈركۈمىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئاشۇ ھەرپ بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەر تۈركۈمى دېگەنگە ئىشارىدۇر. سۆزلەر تۈركۈمىنى بۇ خىل ئۇسۇلدا تىزىش مەھمۇد كاشغەرىينىڭ لۇغەت تۈزۈشتىكى بىر ئۆزگىچىلىكىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى كىلىسلىق رىفئەت ئەپەندى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دىۋان» نىڭ ئەرەبچە (مىخ مەتبەئەلىك) نەشرىدە كۆرسىتىلگەن ۋە «دىۋان»نىڭ كېيىنكى چاغلاردا نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە ھەم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدا كۆرسىتىلگەن.

«دىۋان» تۈزۈلۈشىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېسابقا ئالغىنىمىزدا «دىۋان»دىن سۆزلەرنى تېپىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئىلىم ساھەسىدە بۇنداق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىندېكس تۈزۈش ئۇسۇلىدۇر. بىز مۇشۇ مەقسەتنى نەزەردە تۇتۇپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىندېكسىنى تۈزۈپ چىقتۇق. «ئىندېكس» دېگەن بۇ لاتىنچە سۆزنىڭ مەنىسى كىتابنىڭ ئىچىدىكىلىرىنى ئېلىپبە تەرتىپىگە سېلىپ تىزىپ كۆرسىتىپ بېرىش، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇسۇلىمىزمۇ «دىۋان»دىكى بارلىق سۆزلەرنى ئېلىپبە تەرتىپىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنى ترانسكرىپسىيە ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق بولغاندا «دىۋان»دىكى سۆزلەرنى تېپىش ئاسان بولىدۇ. بىزمۇ بۇ ئىسىم ئۈستىدە قايتا - قايتا ئويلىنىپ، خەلقئارادا قوللىنىلىۋاتقان «ئىندېكس» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى كىتابىمىزنىڭ ئىسمى قىلىپ قوللىنىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

## «دىۋان»نىڭ ھەر خىل تىللاردىكى نەشرلىرىگە تۈزۈلگەن ئىندېكسلار

«دىۋان»نىڭ ئىندېكسلىرى توغرۇلۇق سۆز بولغاندا، ئالدى بىلەن يەنىلا گېرمانىيە ئالىمى پىروفېسسور كارل بروككېلماننى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىيەدە كىلىسلىق رىفئەت ئەپەندى «دىۋان»نى ئۈچ تومغا بۆلۈپ، ئۆز ئەينى بويىچە (ئەرەبچە) نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، كارل بروككېلمان «دىۋان»نى تونۇشتۇرۇپ كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ 1928 ـ يىلى «دىۋان»دىكى بارلىق سۆزلەرنى بىر تومغا جەملەپ، ئېلىپبە تەرتىپىگە سېلىپ، گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «دىۋان»دىن پايدىلىنىش ئىشى خېلى دەرىجىدە ئاسانلاشتى. بۇ «دىۋان»نىڭ دەسلەپكى ئىندېكسى بولۇپ، «دىۋان»نى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە تونۇشتۇرۇشتا ئەھمىيەتلىك رول ئوينىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە بىر قىسىم سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ئالىم «دىۋان»دىكى نۇرغۇن سۆزلەرگە ئۆز بىلىم دائىرىسى ئاساسىدا تۈزىتىش كىرگۈزگەن، يەنى «دىۋان»دا خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان بەزى سۆزلەرگە تارىخىي مەنبەلەردىن ئاساس تېپىپ ئۇنى تۈزەتكەن. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بروككېلماننىڭ بىرىنچى بولۇپ «دىۋان»دىكى سۆزلەرنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىندېكس تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغانلىقى ئىلىم ساھەسىدە دىققەتكە سازاۋەر چوڭ ئىشتۇر.

1943 ـ يىلى ئەنقەرەدە بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان ئىندېكس (دىزىن) «دىۋان»نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە بېغىشلانغان بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەنگەن ئىندېكستۇر. 7443 سۆزدىن تەركىب تاپقان بۇ ئىندېكسنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنىڭدا «دىۋان»دىكى سۆزلەر ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى، شۇنداقلا تېكىستتە كەلگەن سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن، ياسالغان شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىنىپ، تۈپ سۆز ۋە پېئىل يىلتىزلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ تۈرلىنىش ۋە ياسىلىش شەكىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتىلگەن. ئاندىن سۆزلەرنىڭ قىسقىچە مەنىلىرى بېرىلىپ، ئاخىرىدا شۇ سۆز ئۇچرايدىغان توم، بەت، قۇر نومۇرلىرى كۆرسىتىلگەن؛ ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئىندېكسقا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنى «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» (Türkische Turfan Texte)، ئورخۇن يېزىقلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان شۇ خىلدىكى سۆزلەرگە ۋە شۇنىڭدەك باشقا تۈركىي تىللار ھەم دىيالېكتلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىندېكسنى بۇنداق تۈزۈش تەتقىقات ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇپ، دىۋانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ يەنە ئىندېكسنىڭ ئاخىرىغا «خاس ئىسىملار» نامىدا «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان ئادەم ئىسىملىرى، قەبىلە ئىسىملىرى ۋە جۇغراپىيەلىك ئىسىملارنى ئېلىپبە تەرتىپىگە سېلىپ قوشۇمچە قىلغان. بۇمۇ بىزنى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بېسىم ئاتالاي «دىۋان»نى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا (1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توملاردا)

كۆرۈلگەن بەزى خاتالىقلارنى بۇ ئىندېكستا تۈزەتكەنلىكىنى، ئەگەر تەرجىمە تومىلىرىدىكى بىر قىسىم سۆزلەردە پەرقلەر كۆرۈلسە، ئىندېكستىكى شەكلىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تۈزىتىش جەدۋىلى تۈزۈپ، بۇنىڭدا يازما نۇسخىنىڭ بەت نومۇرلىرى بىلەن كىلىسلىق رىفئەت نەشر قىلدۇرغان (ئەرەبچە) باسما نۇسخىسىنىڭ توم، بەت، قۇر نومۇرلىرى ۋە تۈركچە تەرجىمە نۇسخىنىڭ توم، بەت، قۇر نومۇرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا، بېسىم ئاتالاينىڭ بۇ ئىندېكسنى ئىلمىيلىقتا ئىگە بولغان، مەلۇم سىستېما ئاساسىدا تۈزۈلگەن ۋە تەتقىقات خاراكتېرىنى ئالغان ئىندېكس دەپ قارايمىز. لېكىن، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىندېكستا «دىۋان»دىكى تۈركىي سۆزلەرنىڭ لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيەسى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىش شەكىللىرى كۆرسىتىلمىگەن. شۇڭلاشقا، بۇنىڭدىن پايدىلانغاندا، «دىۋان»نىڭ ئەسلىي يازما نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تۈرك تىل جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن دەھرى دىلچىن تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1957 ـ يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «دىۋان»نىڭ ئەرەب ئېلىپبەسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىندېكس بېسىم ئاتالاينىڭ ئەمگىكىنى تولۇقلىدى. چۈنكى، ئەرەب يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى بىلەن لاتىن يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئەسلىي يازما نۇسخىدا سۆزلەرنىڭ قايسى ھەرپ بىلەن ۋە قايسى شەكىلدە يېزىلغانلىقىنى بېسىم ئاتالاينىڭ ئىندېكسىدىن كۆرۈش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل سۆزلەرنىڭ قايسى ھەرپ بىلەن يېزىلغانلىقىنى بىلىش توغرا كەلگەندە، يەنىلا ئەسلىي يازما نۇسخىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. دەھرى دىلچىن «دىۋان»دىكى پۈتۈن تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىش شەكلىنى ئەرەب ئېلىپبەسى تەرتىپىگە سېلىپ بىر ئىندېكس تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇش ئارقىلىق تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىش شەكلىنى كۆرسىتىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى.

دىلچىن تۈزگەن بۇ ئىندېكس چوڭ ھەجىملىك (448 بەتلىك) بولۇپ، 15872 سۆزدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار سۆزلەمدە كەلگەن سۆزلەر، تېكىستتە كەلگەن سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى (باشقىچە يېزىلىش شەكىللىرى)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىندېكسقا قوبۇل قىلىنغان بۇ سۆزلەر «دىۋان»دىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن ۋە ياسالغان شەكىللىرى ھەم مەستەر شەكىللىرى بويىچە ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى ئاساسىدا تىزىلغان. شۇنىڭدەك، بۇ سۆزلەرنىڭ تۈركىي تەرجىمىسىدە قايسى توم، قايسى بەت، قايسى قۇردا كەلگەنلىكىمۇ كۆرسىتىلگەن.

غەنى ئابدۇراھمانوف ۋە سالىھ مۇتەللىپوفلارنىڭ قاتنىشىشى ۋە تەھرىرلىكى ئاستىدا تۈزۈلۈپ، 1967 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئىندېكسى «دىۋان»نىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىگە ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىندېكس ــ لۇغەتتۇر. ئىندېكس ــ لۇغەت ئەنە شۇ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخا ۋە كىلىسلىق رىفئەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەرەبچە باسما نۇسخىسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئىندېكسلاردىن پەرقلىنىدۇ. 8030 سۆزدىن تەركىب تاپقان بۇ ئىندېكس ــ لۇغەتتە «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان تۈركىي سۆزلەر

سىلاۋىيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى تىرانسكرىپسىيە شەكلى بىلەن بېرىلگەن. ئالدى بىلەن سۆزنىڭ مەنىلىرى (مەنە ئالاھىدىلىكلىرى ۋە كۆچمە مەنىلىرى) بېرىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. سۆز مەنىلىرىدىن كېيىن ئۆزبېكچە تەرجىمىنىڭ توم، بەت، قۇر نومۇرلىرى بىلەن ئەرەبچە باسما نۇسخىسىنىڭ توم، بەت ۋە قۇر نومۇرلىرى بېرىلگەن. سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن تىزىلىپ، ئىسىملار باش كېلىش شەكلىدە، پېئىللار ئۆتكەن زامان شەكلىدە بېرىلگەن. سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئىندېكسقا كىرگۈزۈلمىگەن. ھەر خىل ئوقۇلۇشى مۇمكىن بولغان سۆزلەر (ھەرىكىسىز ياكى تۈرلۈك ھەرىكىلەر بىلەن بېرىلگەن سۆزلەر)نىڭ تىرانسكرىپسىيەسى يېنىدا شۇ سۆزنىڭ ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان شەكلى كۆرسىتىلگەن. ئىندېكس — لۇغەتنىڭ ئاخىرىغا خاس ئىسىملار، گىراماتىكىلىق كۆرسەتكۈچ ۋە 11 - ئەسىر قەدىمكى تۈركىي تىللىرىنىڭ گىراماتىكىلىق ئۇچېرىكى ئايرىم - ئايرىم بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان ماقال - تەمسىللەر قوشۇمچە قىلىنغان.

1972 - يىلى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كىتابىنىڭ يېزىلىشقا باشلىغانلىقىنىڭ 900 يىللىقى ۋە تۈرك تىل جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈرك تىل جەمئىيىتى ئەنقەرەدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ ئىندېكسىنى يېڭىباشتىن تۈزۈپ نەشر قىلدى. 8308 سۆزدىن تەركىب تاپقان بۇ ئىندېكس تۈركىيەدە تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان ئىككىنچى ئىندېكس بولۇپ، ئالدىنقى ئىندېكستىن تۈزۈلۈش جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىندېكستىكى تۈركىي سۆزلەرمۇ ئالدىنقى ئىندېكستىكىگە ئوخشاش لاتىن ھەرپى ئاساسىدىكى تىرانسكرىپسىيە شەكلى بىلەن بېرىلگەن. بىرىنچى نەشردە سۆزلەمدە كەلگەن پېئىلنىڭ ئاستىدا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن كەلگەن تۈپ سۆزلەرمۇ سۆزلەم قىلىپ بېرىلگەنىدى. بۇ نەشرىدە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن كەلگەن تۈپ سۆزلەر سۆزلەم قىلىپ ئېلىنماي، پەقەت ئۇلارنىڭ توم ۋە بەت نومۇرلىرى پېئىللارنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان. ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن كەلگەن تۈپ سۆزلەر سۆزلەم قىلىپ ئېلىنغان. سۆزلەم قىلىپ ئېلىنغان سۆزلەردىن كېيىن سۆزنىڭ مەنىلىرى بېرىلىپ، ئاندىن تۈركچە تەرجىمىنىڭ توم ۋە بەت نومۇرلىرى بېرىلگەن. شۇنىڭدەك، تىرانسكرىپسىيەسىدە خاس تاۋۇشلارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىرىنچى نەشرىدە قوللىنىلغان بەزى تاۋۇش بەلگىلىرى ئۆزگەرتىلىش بىلەن بىللە، بىرىنچى نەشرىنىڭ بەزى جايلىرىدىكى تۈزىتىش ئىشارىلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن سۆزلەرمۇ بۇ قېتىم ئۆزگەرتىلگەن.

ئىندېكسنىڭ باش تەرىپىگە ئەھمەد جەفەر ئوغلىنىڭ «قەشقەرلىك مەھمۇد ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى، ئاندىن «دىۋان»دىكى ماقال - تەمسىللەر، ئەدەبىي پارچىلاردىن ئۈرنەكلەر بېرىلگەن. ئىندېكس قىسمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىرىش سۆزىنىڭ بىر قىسمى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئىندېكسنىڭ ئاخىرىغا «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان شېۋىلەرگە ياتىدىغان سۆزلەر ۋە بىبلىيوگرافىيە قوشۇمچە قىلىنغان.

روبېرت دانكوف ۋە جامىس كېللىيلەر تەرىپىدىن «دىۋان»نىڭ ئىنگلىزچە نەشرى ئۈچۈن ئاتاپ

تۈزۈلگەن، 2981 سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئىندېكس بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىندېكسلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ساھەلەرگە بۆلۈنۈشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىندېكس ــ ئاساسىي ئىندېكس، خاس ئىسىملار ئىندېكسى (بۇ جۇغراپىيەلىك ناملار، ئادەم ۋە قەبىلە ئىسىملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، نامىلار ئىندېكسى، دىيالېكتىلار ئىندېكسى («دىۋان»دا ئۇچرايدىغان بارلىق دىيالېكتىك سۆزلەرنى فونېتىكىلىق، مورفولوگىيەلىك، لېكسىكىلىق، سېمانتىكىلىق نۇقتىسىدىن گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ كۆرسەتكەن)، شېئىر - قوشاقلار ئىندېكسى، ئەرەبچە سۆزلەر ئىندېكسى قاتارلىق ئالتە قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئىندېكسنىڭ ئاخىرىغا «دىۋان»نىڭ گىراماتىكىسى، شېئىر ۋە ماقال - تەمسىللەرگە خاس شەكىللەر، شېئىر ۋە ماقال - تەمسىللەردە ئۇچرايدىغان دىيالېكت شەكىللەر قاتارلىق ئۈچ پارچە ماتېرىيال قوشۇمچە قىلىنغان. ئاساسىي ئىندېكسقا «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان بارلىق تۈركىي سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش شەكىللىرى بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تومۇردىن كەلگەن ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيەلىك ۋە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلىرى كۆرسىتىلگەن.

ئىندېكستا سۆزلەمگە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئىسىم ۋە پېئىلنىڭ تومۇرى شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن نومۇر يازما نۇسخىنىڭ بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. يازما نۇسخىنىڭ بەت نومۇرىدىن كېيىن شۇ سۆزنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىلگەن كىۋادرات تىرناق ئىچىدىكى سۆز مۇئەللىپنىڭ يازما نۇسخىسىدا شۇ سۆزگە بەرگەن ئەرەبچە شەرھىسىدۇر. ئۇنىڭ ئاستىدا شۇ تەرتىپ بىلەن كەلگەن سۆزلەر ئاشۇ سۆزلەرنىڭ (ياكى پېئىل شەكىللىرىنىڭ) «دىۋان»دا قايسى سۆز - ئىبارە ياكى قايسى ساھەدە كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەرەبچە شەرھىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن سانلارمۇ ئوخشاشلا يازما نۇسخىنىڭ بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىندېكسنىڭ بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئىندېكسلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا «دىۋان»دىكى ھەربىر تۈركىي سۆزنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى مۇئەللىپنىڭ يازما نۇسخىسىدىكى ئەرەبچە شەرھىسگە باغلاپ كۆرسىتىلگەن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىندېكستا ھەرقايسى ساھەلەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم بەلگىلەر كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، دىيالېكت سۆزلىرىنى D بىلەن، گىراماتىكىلىق مەلۇماتلارنى G بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ خىل ساھەلەر بويىچە كۆرسىتىش ئۇسۇلى مەيلى ئىندېكستا بولسۇن، ياكى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ۋارىقىنىڭ چېتىدىكى ئىندېكستا بولسۇن، ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇلغان. مۇئەللىپ بۇ ئۇسۇلنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ: «بۇنداق ئىندېكس تۈزۈشتىكى مەقسەت، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ھەر خىل مەخسۇس تېمىلار ۋە مەخسۇس ماتېرىياللارغا جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت»① دەيدۇ.

---

① «دىۋان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 - توم 2 - بەت، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982 - يىلى.

«دىۋان»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە بېغىشلاپ دوكتور روبېرت ئېرمېرس تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، جەمئىي 10,196 سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئىندېكس سۆزلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئىندېكسنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتە باشقا ئىندېكسلاردىن پەرقلىنىدۇ.

ئىندېكس ئۆز ئىچىدە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن: ئالدىنقىسى تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئېلىپبەلىك ئىندېكسى يەنى ئاساسىي ئىندېكس. كېيىنكىسى ئىندېكسقا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ساھەلەرگە بۆلۈنگەن كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت.

ئالدىنقى قىسمىدا «دىۋان»دىكى بارلىق تۈركىي سۆزلەر مەيلى سۆزلەمدە، مەيلى مىسالدا كەلگەن بولسۇن، ھەممىسى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئېلىپبەلىك تەرتىپ بويىچە تىزىلغان. سۆزلەرنىڭ تۈپ شەكلى، ياسالما شەكىللىرى ۋە تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرىمۇ، شۇنداقلا خاس ئىسىملارمۇ كىرگۈزۈلگەن. پېئىللار بولسا، بۇيرۇق شەكلىدە (2 ـ شەخس بىرلىك فورمىسىدا) بېرىلگەن. «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان بارلىق تۈركىي سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپىگە كەلتۈرۈلۈپ، سىلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ترانسلېتراتسىيەلىك شەكلىدە كۆرسىتىلگەن.

ئىندېكسقا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈچ خىل شەكىلدىكى سانلار بېرىلگەن. قېنىق قارا شەكىلدە بېرىلگەن سانلار لۇغەت تەرتىپىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە يەنە شۇ سۆزنىڭ سۆزلەمدە كەلگەنلىكىگە قارىتىلغان؛ ئادەتتىكى (سۇس) شەكىلدە بېرىلگەن سانلار لۇغەت تەرتىپىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە يەنە شۇ سۆزنىڭ «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان بەت نومۇرىغا قارىتىلغان؛ يانتۇ يېزىلىش شەكلى بىلەن بېرىلگەن سانلار يازما نۇسخىنىڭ بەت نومۇرىغا قارىتىلغان.

ئىندېكسنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئىندېكسقا كىرگۈزۈلگەن (خاس ئىسىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سۆزلەر ساھەلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ساھەلەر تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار 17 چوڭ ساھە، 288 تارماق ساھەگە بۆلۈنگەن. ئىندېكسقا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر قايسى ساھەگە تەئەللۇق بولسا، شۇ ساھەنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلارمۇ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. سۆزلەرنى بۇنداق تىزىش ئېھتىمال، سۆزلەرنى ساھە بويىچە تېپىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇل بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى ئاخىرقى سۆز بولۇپ، ئۇلار قازاق ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا بېرىلگەن. ئەڭ ئاخىرىغا رۇس تىلىدا مۇندەرىجە بېرىلگەن.

تۈركىيەدە تەتقىقاتچى شابان قۇرت تەرىپىدىن مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىق مەرىكىسىگە ئاتاپ تەييارلانغان «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك دىزىنى» نامىدىكى ئىندېكسلىق فاكسىمىل 2008 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەر «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» يازما نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلىغا بېغىشلانغان بولۇپ، يازما نۇسخىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان تۇنجى ئىندېكستۇر. ئەسەر ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى قىسمى ئاساسىي ئىندېكس، كېيىنكى قىسمى «دىۋان» يازما نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلىدۇر.

ئىندېكسنىڭ باش تەرىپىگە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرى ئەرتۇغرۇل گۈنەي تەرىپىدىن يېزىلغان باش سۆز ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نەشرگە تەييارلىغۇچى شابان قۇرت تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆز بېرىلگەن. ئاپتور كىرىش سۆزىدە: ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىش جەريانىدا «دىۋان»نىڭ فاكسىمىلى بىلەن ئىندېكسلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ يېزىلىش شەكلىدە مەلۇم پەرقلەرنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى ۋە بەزى سۆزلەرنىڭ مەنە (ئۇقۇم) جەھەتتە مەلۇم پەرقلەرنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى، بۇ مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىلگىرى «دىۋان» غا ئاتاپ نەشر قىلىنغان ھەر خىل ئىندېكسلارنى كۆرۈپ چىققانلىقىنى، لېكىن بۈگۈنگە قەدەر نەشر قىلىنغان ئىندېكسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى مۇئەللىم كىلىسلىق رىفئەتنىڭ نەشرىدىن ۋە ياكى بېسىم ئاتالاينىڭ تەرجىمىسىدىن ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمىغانلىقىنى، ئاخىر 1990 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان رەڭلىك فاكسىمىلنى باشتىن - ئاياغ ئوقۇپ چىققانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەزى سۆزلەرنىڭ پەرقلىق بولغانلىقىنى يازىدۇ. ئاپتور كىرىش سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ يېتەرسىزلىكلەر مەدەنىي ھاياتىمىزدا ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنماقتا. مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىلىنى 2008 - يىلى نەشر قىلىش پىلانىغا كىرگۈزگەنلىكى بۇ يېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى، دەپ يازىدۇ. ئاندىن كېيىن «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈركنىڭ فاكسىمىلى توغرىسىدا»، «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈركنىڭ ئىندېكسى توغرىسىدا»، «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈركنىڭ يازما نۇسخىلىرى، تەرجىمىلىرى، نەشرلىرى، ئىندېكسلىرى» ماۋزۇلىرى ئاستىدا قىسقىچە ئوبزورلار بېرىلگەن. بۇلاردا ئاساسەن مۇنۇلار يېزىلغان: 1941 - يىلى بېسىم ئاتالاي نەشر قىلدۇرغان فاكسىمىل بىلەن 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان رەڭلىك فاكسىمىل تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قېتىم تۈزۈلگەن «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ئىندېكسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە «دىۋان» فاكسىمىللىرىدىكى تۈركىي سۆزلەر ۋە خاس ئىسىملارنىڭ قانداق ئېلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» يازما نۇسخىسىدا يېزىق (ئىملا) بىرلىكى بولمىغاچقا، يازما نۇسخىدىكى بارلىق تۈركىي سۆزلەر قانداق يېزىلغان بولسا، چېكىت ۋە ھەرىكىلىرى ھېچبىر ئۆزگەرتىلمەي ئەينەن ئېلىنغان. ئەسەردىكى تۈركىي سۆزلەر بىلەن كەلگەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرەبچە، پارسچە بارلىق خاس ئىسىملار يېزىلىش ھالىتى بويىچە ئەينەن ئېلىنغان. سۆزلەم بولۇپ ئىزاھلانغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قېنىق قارا ھەرپ بىلەن ئېلىنغان. بارلىق خاس ئىسىملار، ۋاراق چېتىگە قوشۇمچە قىلىنغان تۈركىي سۆزلەر سۇس قارا ھەرپ بىلەن ئېلىنغان. يازما نۇسخىنى ئىلگىرى نۇرغۇن قەلەم ئىگىلىرى تۈزەتكەچكە، ھەر خىل ھەرپ شەكىللىرى يېزىلىپ قالغان، ھەرىكىلەرمۇ ئېگىز - پەس قويۇلۇپ قالغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل شەكىللەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەينى بويىچە ئىندېكسقا ئېلىنغان.

ئاخىرىدا ئاپتور «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ يازما نۇسخىلىرى، باسما نۇسخىسى،

فاكسىمىللىرى، تەرجىمىلىرى، نەشرلىرى ۋە ئىندېكسلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. ئۇلار:

1. مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن ئاbbاسىيلار خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەدۇل مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىنغان مۇئەللىپ نۇسخىسى.

2. ساۋۇلىق كېيىن شامىلىق مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكر ئىبنى ئەبىل فەتھىنىڭ مۇئەللىپنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆچۈرگەن، ھازىر ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى.

3. مۇئەللىم كىلىسلىق رىفئەت تەرىپىدىن يۇقىرىدىكى قول يازمىدىن كۆچۈرۈلگەن، ھازىر ئىستانبۇل ئارخېئولوگىيە مۇزېيى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مۇئەللىم كىلىسلىق رىفئەتنىڭ يازما نۇسخىسىدۇر.

«كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ باسما نۇسخىسى مۇئەللىم كىلىسلىق رىفئەت تەرىپىدىن 1915 ـ، 1917 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق ئەسەردىن ئىبارەت.

«كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ فاكسىمىللىرى:

1. 1941 ـ يىلى بېسىم ئاتالاينىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن نەشر قىلىنغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك دىزىنى» (رەڭسىز فاكسىمىل).

2. 1990 ـ يىلى تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنغان «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىلى (رەڭلىك).

«كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تەرجىمىلىرى:

1. بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك تەرجىمىسى» نامىدىكى تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1939 ـ، 1940 ـ، 1942 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان.

2. سالىھ مۇتەللىپوف تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ توملۇق «مەھمۇد كاشغەرىي، تۈركىي سۆزلەر دىۋانى (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)» نامىدىكى ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1960 ـ، 1961 ـ، 1963 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان.

3. ئابدۇسالام ئابباس قاتارلىق بىر گۇرۇپپا كىشىلەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، ئۈچ توملۇق «مەھمۇد كاشغەرىي، تۈركىي تىللار دىۋانى (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)» نامىدىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1981 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان. بۇ تەرجىمىسىنىڭ يېڭى نۇسخىسى ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق بىر گۇرۇپپا كىشىلەر تەرىپىدىن تەييارلانغان بولۇپ، 2008 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

4. روبېرت دانكوف ۋە جامېس كېللىيلەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىككى توملۇق «مەھمۇد ئەلكاشغەرىي، تۈرك شېۋىلىرى لۇغىتى (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)» نامىدىكى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1982 ـ ۋە 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

5. ئەسقەر قۇرماش ئوغلى ئېگەيبايېف تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ توملۇق «مەھمۇد كاشغەرىي، تۈرك سۆزدىكى» نامىدىكى قازاقچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1997 ـ، 1998 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان.

6. خې رۇي قاتارلىق بىر گۇرۇپپا كىشىلەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ توملۇق «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نامىدىكى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2002 - يىلى ئۈچ توم بىر قېتىمدا نەشر قىلىنغان.

7. ھۈسەيىن دۈزگۈن (ھۈسەيىن مۇھەممەد زادە سادىخ) تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىر توملۇق «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نامىدىكى پارسچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2004 - يىلى نەشر قىلىنغان.

8. A – Z. ئەۋزوۋا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىر توملۇق (ئىندېكس بىلەن) «مەھمۇد ئەلكاشغەرىي، دىۋانۇ لۇغات ئەتتۈرك» نامىدىكى رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2005 - يىلى نەشر قىلىنغان.

9. رەمىز ئەسقەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان تۆت توملۇق (تۆتىنچى توم ئىندېكس) «مەھمۇد كاشغەرىي، دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نامىدىكى ئەزەربەيجانچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2006 - يىلى بىر قېتىمدا نەشر قىلىنغان.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»كە بېغىشلاپ تۈزۈلگەن ئىندېكسلاردىن بىر قىسمىنى — دەھرى دىلچىن تەرىپىدىن ئەرەب ئېلىپبەسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىندېكس، ئىزاھلىق ئىندېكسلاردىن كارل بروككېلماننىڭ گېرمانچە ئىندېكسى، بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە ئىندېكسى، 1972 - يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان تۈركچە ئىندېكس، سەيىد مۇھەممەد دەبىر سىياقىينىڭ پارسچە ئىندېكسى، سېچكىن ئەردى ۋە سەراب تۇغبا يۈرتسېۋەرلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئىندېكس ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە ئىندېكسلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

مۇشۇلاردىن كېيىن «كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك، تۈركىي سۆزلەر ۋە خاس ئىسىملار دىزىنى» نامى بىلەن ئاساسىي ئىندېكس بېرىلگەن. ھەربىر بېتى تۆت ئىستوندىن تىزىلغان، 223 بەتلىك چوڭ ھەجىمدىكى بۇ ئىندېكس 21403 سۆزدىن تەركىب تاپقان. ئاساسىي ئىندېكسنىڭ ئاخىرىغا «دىۋان» دا ئۇچرايدىغان سىمۋول خاراكتېرلىك تامغىلارنىڭ شەكىللىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى، «دىۋان» فاكسىمىلىدا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ئوقۇغىلى بولمايدىغان سۆزلەرنىڭ ئىندېكسى بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسمىغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» يازما نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى بېرىلگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، «دىۋان» توغرىسىدا تۈزۈلگەن ئىندېكسلارنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەر خىل بولسىمۇ، «دىۋان»دىكى سۆزلەرنى تېپىشنى ئاسانلاشتۇرۇشى ئورتاقلىقتا ئىگىدۇر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، 1 -، 2 -، 3 - توم، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 — 1984 - يىللار.
2. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە ئىندېكسى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 -

يىلى.
3. بېسىم ئاتالاي: ‹‹‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تەرجىمىسى››، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم، ئەنقەرە، 1939 ــ 1941 ـ يىللار.
4. بېسىم ئاتالاي: ‹‹‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› دىزىنى›› (ئىندېكسى)، ئەنقەرە، 1943 ـ يىلى.
5. د . دىلچىن: ‹‹ئەرەب ئېلىپبەسىگە ئاساسەن ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› دىزىنى›› (ئىندېكسى)، ئەنقەرە، 1957 ـ يىلى.
6. س . مۇتەللىپوف: ‹‹تۈركىي تىللار دىۋانى››، ئۆزبېكچە نەشرى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم، تاشكەنت، 1960 ــ 1963 ـ يىللار.
7. غ . ئابدۇراخمانوف، س . مۇتەللىپوف: ‹‹‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›. ئىندېكس ـ لۇغەت››، تاشكەنت، 1967 ـ يىلى.
8. ‹‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك دىزىنى›› (ئىندېكس)، ئەنقەرە، 1972 ـ يىلى.
9. ر . دانكوف، جامېس كېللى: ‹‹‹تۈرك شېۋىلىرى لۇغىتى› ۋە ئۇنىڭ ئىندېكسى››، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982 ــ 1985 ـ يىللار.
10. ز . ئا . ئەۋەزوۋا، ر . ئېرمېرس: ‹‹‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ۋە ئۇنىڭ ئىندېكسى››، رۇسچە نەشرى، ئالمۇتا، 2005 ـ يىلى.
11. شابان قۇرت: ‹‹كىتابۇ دىۋانى لۇغاتىت تۈرك›، تۈركىي سۆزلەر ۋە خاس ئىسىملار دىزىنى››، ئەنقەرە، 2008 ـ يىلى.
12. ئىبراھىم مۇتئى، مىرسۇلتان ئوسمانوف: ‹‹مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا››، ‹‹تارىم›› ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان.
13. ئە . ر . تېنىشېۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): ‹‹تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە››، بېيجىڭ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى.
14. م . شاكىر ئۈلكۈ تاشىر (تۈركىيە): ‹‹بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرىي››، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى.
15. شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن: ‹‹مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›››، ئەنقەرە، 2008 ـ يىلى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئورنىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



# ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئۇزىتىشقا دائىر ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر*

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

## 6) مانىزم دەۋرىدىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى

مانى دىنى ـــ بابىلونىنىڭ نەھر ـ قۇتا (Nahr – Kutha) دەرياسى بويىدىكى مەردىنۇن (Mardinun) دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان مانى (275 ـ 240) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھەمدە مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چۇ دەريا ۋادىسى ـ سۇياب ـ ئاقپېشىم تەرەپتىن دىيارىمىزغا تارقىلىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مانى دىنى لوپنۇر، كىروران ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى مەلۇم. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، سوغدلار مانى دىنى مۇرىتلىرى بولۇپ، ئۇلار يىپەك يولى بويلاپ لوپنۇر، كىروران، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ (ھەتتا كەنت ـ مەھەللىلەر بىنا قىلىشىپ) سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ھەتتا تۇرپاندا مانى دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان.

مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ئىدېئولوگىيەلىك تەسىرى گەرچە بۇددىزمدەك چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك بولمىسىمۇ، ئەمما مانىزمنىڭمۇ خۇددى باشقا دىنلارغا ئوخشاش بىر يۈرۈش ئالەم قارىشى، ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى بولغانلىقى ھەقىقەت.

مەسىلەن، مانى تەلىماتى «ئىككى يىلتىز، ئۈچ ئۆتكۈ (زامان)»نى ئاساس قىلغان. ئۇ يورۇقلۇق، ئىزگۈلۈك بىلەن قاراڭغۇلۇق (جاھالەت) ـــ قاباھەتنى ئالەمنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى يىلتىزى (مەنبەسى) دەپ قارايتتى. مانىچە، ئەسلىدە يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق چەك ـ چېگراسى ئېنىق ئىككى ئىقلىم ئىدى. ئۆتمۈش (بىرىنچى) زاماندا قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇققا زوراۋانلىق قىلىپ كۈرەش قوزغىدى. ھازىرقى (ئىككىنچى) زامان دەل ھەر ئىككى كۈچنىڭ كۈرەش دەۋرىدىن ئىبارەت. كەلگۈسى (ئۈچىنچى) زامان يورۇقلۇقنىڭ غەلىبە زامانى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى يىلتىزلىق كۈچ ئۆز دائىرىسىدە بولىدۇ. قاراڭغۇلۇق، قاباھەت، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلالمايدۇ. مانى تەلىماتىدا ئۇلۇغ نۇر تەڭرى (يارۇق بۇرھان)، تەڭرى نۇرى (ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار)، تەڭرى قۇدرىتى (پاك ۋە خىسلەتلىك سۇ، ئوت، شامال ۋە پاك نەپەس)، تەڭرى پاراستى (مانىزمنىڭ يەتتە دەستۇرى، ئۈچ چەكلەش، ئون قىلماسلىق)تىن ئىبارەت تۆت مۇقەددەسلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئالەمنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى كۈچ كۈرىشى تەكىتلەنگەن مانىزم

---

* بېشى ئۆتكەنساندا

پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ كونكرېت ئاساسى، مۇھىمى ئىجتىمائىي تەلىمات سۈپىتىدە تەڭسىزلىككە قارشى تەڭ تەقسىماتچىلىق ۋە مۈلۈك ئومۇملۇقى قاراشلىرىنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى قىلغانىدى[9].

بىز كىروران، لوپنۇر ۋادىسىنىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا قۇرغاقچىلىق زەربىسىدىن ئېغىر ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ جايلارنىڭ مانىزم ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت مەلۇماتلارغا ئىگە بولالمىساقمۇ، ئەمما تۇرپان ۋادىسىدىن بۇ ھەقتە بەزى ئۇچۇرلارنى ئالالايمىز. مەسىلەن، گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئاخبار» (گۈزەل خەۋەرلەر) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، قوچۇ ئۇيغۇر خانى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ھەر كۈنى 300 ــ 400 كىشى مانى ئىبادەتخانىسى ئەتراپىغا توپلىنىپ مانى دىنىي دەستۇرلىرىنى قىرائەت قىلىشقان[10].

تۇرپاندىن تېپىلغان مانى ئىبادەتخانىسىنى باشقۇرۇش نىزامنامىسىگە قارىغاندا، مانى دىنى ۋە مانى ئىبادەتخانىلىرى پائالىيىتى ھوقۇق ھەم زور ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەنگەنلىكى مەلۇم. نىزامنامىدە: ‹ئۇلۇغ قۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى›نىڭ مانى دىنىنى قوغدايدىغانلىقى، ئۇلارغا بېرىلگەن ئىمتىياز ۋە راسخوت، باش راھىب ‹ئىۋرخان تەڭرى موزاك›، باش ئۆلىما ‹ئاختادان›، ئەر ــ ئوپاس، ئايال ــ ئوپاسانىخ، راھىب ــ رەھبەلەرنىڭ ھوقۇق ـ ۋەزىپىلىرى، جارچى (شىروخان)، تېۋىپ (ئوتاچى)، مالچى (سوگونچ)، جېسەكچى (يارغان) ۋە جازا (قاۋرىق) قاتارلىقلارنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرى ناھايىتى ئېنىق قانۇنلاشتۇرۇلغان[11].

مانى دىنى ئەقىدىلىرى ئۇيغۇر ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىگە مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە دەپنە مۇراسىم ئىشلىرىدا ئىپادىلەنگەنىدى. شۇڭا، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادىتىدە مېيىت كېپەنلەنمەي تۇغما ھالەتتە دەپنە قىلىنىدىغان بولغانىدى.

مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە مانى دىنى پەقەت ئورخۇن ـ سېلىنگا دەريا ۋادىلىرىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەۋج ئېلىپلا قالماي، يەنە سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت (تۇرپان) ۋە كىروران قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ خېلى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. يۇقىرىدىكى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار مانى دىنى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى بويىچە «ئادەم بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەنىكەن، يەنە خۇدانىڭ دەرگاھىغا يالىڭاچ بېرىشى كېرەك» دەپ قاراپ، دەپنە مۇراسىملاردا مېيىتنى تۇغما ھالەتتە يالىڭاچلاپ ئاندىن دەپنە قىلىدىغان بولغان»[12].

بىلىشكە بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا مېيىتنى كېپەنلەش پەرھىز تۇتۇلغان بولۇپ، بۇنداق قىلىش شۇ دىنىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى تېخىمۇ ئېنىق ئېچىپ بېرىدۇ. 840 ـ يىلى شەرقتىكى ئۇيغۇرلار غەربكە، يەنى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ماكانى تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مانى دىنىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تارىم ۋادىسىغا ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مانى دىنىنىڭ بەزى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى خېلى ئۇزاققىچە ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ساقلىنىپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردا خوتەن، قەشقەر، كۇچا، لوپنۇر، چەرچەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ـ قېزىشلاردا مانى دىنى شارائىتىدا دەپنە قىلىنغان يالىڭاچ جەسەتلەر تېپىلدى، بۇ پاكىتلار يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزنى دەلىللەيدۇ، ئەلۋەتتە.

7) ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۆلۈم ئىگى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى

مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت دەۋرىگە قەدەم قويىدى، ئىسلاملىشىش بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىدە بەش ئەسىرچە داۋاملاشتى.

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئالەم ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، ئادەم ۋە ئۇنىڭ تەڭرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزم ۋە مانىزملىق تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىدىلەر ئورنىغا «ئاللانىڭ بىرلىكى» ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۆلۈشى، ئالەم قارىشى، شۇنداقلا مۇسۇلمانچىلىق مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى يېڭى قاراش ۋە ئەقىدىلەرنى ئالماشتۇردى. ئىسلام مۇسۇلمانچىلىقنىڭ پەرھىزلىرى ـــ ئىمان، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قىلىش شەرتلىرى ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئورنىشىپ غايەت زور دائىمىي ئېتىنىك دىنىي پائالىيەت تۈسىنى ئالدى. ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس دىنىي تەبىقىلەر ـــ شەيخۇلئىسلام، ئىمام ـ مەزىنلىرى، مازار ـ ماشايىخ شەيخلىرى، دىنىي مەدرىسە ـ مەكتەپ مۇدەررىسە ئۆلىمالىرى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىللە بىلەن يەنە شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزم دەۋرىدىكى بىر قاتار ئەم ـ ئىرىم، تەبىر ـ جوراش، ئۆرپ ـ ئادەت، ئۆلۈم ئىگى ۋە ئۆلۈم ئۆزىتىش، مۇراسىم ـ ئايەم قائىدىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ قەدىمكى قائىدە ـ ئادەتلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ تۈسىگە كىرگۈزۈۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قايسىبىرىنىڭ ئىسلامچە ۋە قايسىبىرىنىڭ غەيرىي ئىسلامچە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى. تۈرلۈك سەيلىلەر، نورۇز بايراملىرى، قاپاق كۆيدۈرۈش ئايىمى، باخشى ـ داخانلىق، ھەر خىل دۇئايىبەت قىلىش، تېبىبىي ئەم ـ ئىرىم ۋە توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ، مېيىت ئۆزىتىش ئادەتلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. ھەتتا بىر قاتار غەيرىي ئىسلام شەخسلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئىسلام نۇر چەمبىرىكى ئاستىدا ساقلاپ قېلىندى[42].

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى. بۇ ئوخشىمىغان سەنئەت ژانىرلىرىدا ئوخشىمىغان ئۇيغۇر ئىسلام سەنئىتى ئۇسلۇبى بەرپا قىلدى. مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ساھەسىدە، ئۇيغۇر خەلقىدە «گاھىدا خۇدا بىلەن روسۇل، گاھىدا دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دېگەن سۆزدە گەۋدىلەنگەندەك ئىسلام بىلەن مىللىي سەنئەت بىللە تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. مۇقاملار خانىقالاردا، سەيلىلەردە، خەلق مەشرەپلىرىدە، ھەتتا ئوردىلاردا ئۆزىنىڭ قىزغىن، مۇڭلۇق، تەسىرلىك كۈيلىرىنى توختاتمىدى. ئۇسسۇللار ئۆز سەنەم ـ جۇلالىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقى ئىگىز ـ ئېگىز مۇنارلار، پەشتاقلار بىلەن بېزەلگەن ئىبادەتخانىلار ئۈستىگە ئىسلام زاھىتلىرى نەزىرىدە «شەيتان ئۆيۈنى» دەپ قارالغان ناغرا ـ سۇنايلارنى ئاچىقىپ چېلىپ، چوڭ ـ چوڭ ساما سورۇنلىرى قۇرۇشتى.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئائىلە، يۇرت ـ مەھەللە، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبى شەكىللەندۈرى. ئوردا ـ قەسىر، جامائە ـ مەسچىت، مەقبەرە ـ گۈمبەزلىرىنىڭ ياسىلىشىدا ئەڭ نەپىس ئىسلام نەقىشلىرىنىڭ شەكىل ۋە نۇسخىلىرى بىلەن مىللىي نەقىشلەرنى بىرلەشتۇردى. بۇ ئەسلىدىمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە توپلانغان ھەرقايسى ئەللەر بىناكارلىق تەجرىبىلىرىنىڭ ئۇتۇقى ئىدى.

گەرچە تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ پورترېت شەكلى تەقىب قىلىنغان بولسىمۇ، تەدرىجىي ئادەم، هايۋان، قۇش ۋە ئۆسۈملۈكلەر تەسۋىرلەنگەن تام رەسىملىرى ۋە قىستۇرما رەسىملەر داۋاملىق ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى.

ئەرەب يېزىقى تەدرىجىي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ سۆڭىكى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر تىلى تەركىبىگە پارس ۋە ئەرەب ئىبارىلىرى كۆپلەپ كىرىپ كەلدى.

قىسقىسى، ئىسلامىيەت پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى هاياتى ۋە ئىدېئولوگىيەلىك قاراشلىرى، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم ئىچكى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئىسلامىيەت ئەقىدە - پىرىنسىپلىرىنى ئۆلگە قىلىشقا يۈزلەندى.

10 - ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈمنى ئۇزىتىش، قارىلىق تۇتۇش ئىشلىرىدىمۇ ئىسلامىيەت پىرىنسىپلىرىنى ئۆلگە قىلىشقا باشلىدى. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە «ئاللا بەندىلىرىنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەسلىي ماكانىغا — تۇپراققا دەپنە قىلىش كېرەك» دەپ قارىلىپ، شامان دىنى دەۋرىدىن تاكى بۇددىزم دەۋرىگىچە داۋاملاشقان مېيىتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشتەك ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، مېيىت كېپەنلىنىپ، يەرلىك كولانغاندىن كېيىن دەپنە قىلىنىدىغان بولدى[43]. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلگىرىكى دىنلارغا ئوخشىمايدىغان بۇ تەرەپلىرى ئۆلۈم ئىشلىرىدىكى پەرھىزلەرنىمۇ ئىسلاملاشتۇرۇۋەتتى. ئادەتتە ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە ئۆلگۈچى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن دەرهال ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، يار - بۇرادەرلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈلىدۇ ۋە مەسچىتكە ئېلىپ بېرىلىپ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ، تۇغۇلۇپ ئۇنى چىقىمىغان بوۋاقلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئايرىم رايونلاردا هاۋاسى سالقىن بولسا ئۆلگۈچىنىڭ يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلىرى يېتىپ كېلەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە دەپنە قىلماي ساقلايدۇ، بولمىسا ئادەتتە مېيىتنى بىر كۈندىن ئارتۇق ساقلاشقا بولمايدۇ، مېيىتنى يۇغاندا ئالدى بىلەن تەرەت ئالدۇرۇلىدۇ. يۇغاندا زاۋۇت سوپۇنى ئىشلىتىش پەرھىز قىلىنغانلىقتىن يەرلىك سوپۇن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر مېيىت يۇيىدىغان سۇ يىراقراق يەردىن ئېلىپ كېلىنمەكچى بولسا، يولدا دەم ئېلىپ ئەكېلىشكە بولمايدۇ. مېيىتنى يۇغاندىمۇ سۇنى ئوڭ قول بىلەن ئەمەس سول قول بىلەن قۇيىدۇ، ئادەت كۆرۈپ تۇگەپ كەتكەن ئاياللار ئىككى قېتىم سۇغا سېلىنىدۇ. كېپەنلىك تىكىشتە كېپەن تۈمۈر يىڭنە بىلەن تىكىلمەي مۇۋاپىق ئۇسۇلدا كېپەنلىك رەختنىڭ ئۆزىدىن يىپ سۇغۇرۇۋېلىنىپ، شۇ يىپ بىلەن يونۇپ چىگىپ قويۇلىدۇ. كېپەنلىكنى يۆگىگەندە، ئوڭ يۆگىمەي تەتۈر يۆگەيدۇ.

ئۆلگۈچى ئايال بولسا ئېرى، ئەر بولسا ئايالى ۋىدالىششقا قاتناشمايدۇ، چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە «جان چىققاندىن كېيىن نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدۇ - دە، ئەر - ئايال بىر - بىرىگە نامەھرەم بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. مېيىت يۇيۇلۇپ، ئۆيدىن ياكى يۇغان جايدىن ئېلىپ چىقىلغاندا مېيىت باش تەرەپتىن ئېلىپ چىقىلىدۇ، چۈنكى پۇت تەرەپتىن ئېلىپ چىقىش پەرھىز قىلىنغان بولۇپ، پەقەت تىرىك ئادەملەرنى پۇت تەرەپتىن ئېلىپ چىقىدۇ. تاۋۇتقا سالغاندىمۇ ئوڭ تەرەپتىن سېلىپ، ئوڭ

تەرەپتىن ئالىدۇ، تاۋۇتنى كۆتۈرگەندە، بىر خىل مېڭىشتا ئېلىپ ماڭىدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنىدا تاۋۇت كۆتۈرگەندە ئۆلۈكنى مىدىرلىتىۋېتىشتىن قاتتىق پەرھىز تۇتۇلىدۇ. «ئىسقات» تارقىتىدىغان ۋاقىتتا، ئادەتتە ئەرلەر ياكى ئاياللار ئۇچۇن «ئىسقات» تارقىتىلمىدۇ. كىچىك باللار ئۇچۇن «ئىسقات» تارقىتىلمايدۇ، چۈنكى «سەغىرلەر پاك بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا ھازىدارلار تاۋۇت ئالدىدا ھازا ئېچىپ ماڭىدۇ. قىز – ئاياللارنىڭ مېيىت نامىزىغا بېرىشى ۋە قەبرە بېشىغا چىقىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. ئىسلام قائىدىسىدە شامان دىنىدىكىگە ئوخشاش ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھازا ئېچىش پەرھىز قىلىنغان بولۇپ، ھازىدارلار پەقەت ئۈنسىز كۆز يېشى قىلىپ ھازا ئېچىشقا بولىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندا، دەسلەپكى يەتتە كەتمەن توپىنى مەرھۇمنىڭ ئوغلىدىن باشقىلارنىڭ تاشلىشىغا بولمايدۇ، ئوغلى بولمىغان ئەھۋالدا يېقىن تۇغقانلىرى تاشلىسا بولىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كەم دېگەندە ئۈچ كۈنگىچە ئۆلگۈچىنىڭ بالىلىرى ياكى يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى مەرھۇمنىڭ بېشىدا قۇرئان ئوقۇيدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت، بىر تەرەپتىن مەرھۇمنىڭ روھىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەرھۇمنىڭ روھىنى يالغۇز قويماسلىق ئۈچۈن بولىدۇ. ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنىپ يەتتە كۈنگىچە مېيىت ئۈزىتىلگەن ئۆيدە تاماق ئېتىش، ئۆي سۈپۈرۈش، ئەخلەت ئېلىش – تۆكۈش، سۇ سېپىش قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ (قەشقەرنىڭ بەزى تاغلىق رايونلىرىدا بىرەر ئۆيدە ئۆلۈم بولسا بەزى كىشىلەر نەچچە تاغدىن ئۆتۈپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارغا تاماق بېرىپ، ئاندىن مېيىت ئۈزىتىلىدۇ. بۇ ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، بۇ بەلكىم ئادەت بىلەن باغلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك)، شۇنداقلا قىرىق كۈنگىچە شۇ ئۆيدە لەھەن ئېتىش قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئارىسىدا «40 كۈن ئىچىدە شۇ ئۆيدە لەھەن ئەتسە، كۆڭۈلسىز ئىشلارمۇ لەھەندەك ئۈزۈلمەي كېتىدۇ» دېگەن قاراش بار. بۇ جەرياندا قولۇم – قوشنىلار بۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. 40 كۈنگىچە شۇ ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلمەيدۇ. 40 – كۈنى «قىرىق نەزىرى» بېرىلىپ ئەرلەر ساقاللىرىنى ئالدۇرىدۇ، ئاياللار چاچلىرىنى يۇيۇپ، تارايدۇ، چۈنكى، مۇشۇ 40 كۈن ئىچىدە ساقال ئېلىش، چاچ تاراش، ئەر – خوتۇنچىلىق قىلىش، رەڭدار كىيىملەرنى كىيىش قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ. مەرھۇم ئۈچۈن قارىلىق تۇتقانلار 40 كۈنگىچە (بەزىلەر يىللىقىغىچە) ئويۇن – كۈلكىدىن قاتتىق ساقلىنىدۇ، توي – تۆكۈنگە بارمايدۇ، ئائىلە باشلىقى ۋاپات بولغان ئۆيلەردە بىر يىلغىچە توي – تۆكۈن مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار زاراتگاھلارنى ئادەتتە مال قوتىنى ياكى جەڭ بولغان جايلاردىن قىلمايدۇ. زاراتگاھلىق ئىچىگە غەربىنىڭكىگە ئوخشاش دەل – دەرەخ تىكىپ باغچە قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، زاراتگاھلار كۆپىنچە يول بويلىرىدا بولىدۇ، بۇنىڭدا يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ ئۆلگەنلەر روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ ئۆتۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قەبرىستانلىققا بارغاندا، قەبرە ئىچىگە كىرىش، قەبرىنىڭ ئارىسىغا تولا كىرىپ – چىقىپ يۈرۈش، قەبرىنى ئايلىنىش، قەبرىنىڭ بېشىغا بىرەر نەرسە ئېلىش، قەبرىگە يۆلىنىش، قول ئۇزىتىش، دەسسەش، قەبرىنى رېمونت قىلىش، قەبرىگە تام قوپۇرۇش، قەبرىستانلىقلارنىڭ گىياھلىرىنى كېسىش، ئوتۇن، ئوت – چۆپلەرنى ئىشلىتىش، ئوتۇن – چاۋارلىرىنى تېرىش، يەرلىكنىڭ توپىسىنى ئىشلىتىش، قەبرىستانلىقتا ناشايان ئىشلارنى قىلىش، مال بېقىش، تاماق يېيىش، خاتىرە تاشلاردىكى خەتلەرنى

ئوقۇش، دۇئا قىلماي باشقا پاراڭلارنى سېلىش، بەدىنى ناپاك ئادەملەرنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىشى قاتارلىقلار قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ⑬.

ئومۇمەن، ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدە ئۆلۈم پەرھىزلىرى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىپ بارغان بولۇپ، بۇ بەلكىم ئىسلام دىنىنىڭ تارقالغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن، دائىرىسىنىڭ كەڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

## 3. ئۆلۈم ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۆلۈمگە ھازا ئېچىش ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم ئۇلۇغلۇقى ئالدى بىلەن «ئالەمدىن ئۆتمەك، ۋاپات بولماق، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلماق، قازا قىلماق، توگەپ كەتمەك، رەھمەتلىك بولۇپ كەتمەك...» دېگەندەك يېنىك، سىلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «پالانى ئۆلدى، پوكۇنى ئۆلۈپتۇ، پۇستانى ئۆلۈپتۇمش....» دېگەندەك يېقىمسىز، قوپال سۆزلەردىن پەرھىز تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم ئۇلۇغلۇقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا ئىپادىلىنىشىدۇر.

ئۆلۈم — ئومۇمەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت بولۇپ، ئۇ «ھايات» نىڭ قارشىسىدۇر. «ئۆلۈم» سۆزى «ئوكيانۇس» (辞海) تا مۇنداق ئىزاھلانغان: «ئۆلۈم — ئورگانىزم ھايات پائالىيىتىنىڭ توختىشى، يەنى يېڭى ھەرىكەتنىڭ توختىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»⑮. ئۆلۈم قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مۇقەررەر قانۇنىيەت. ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ جەننەتتىكى ھېكايىسى ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈمنىڭ كېلىش مەنبەسى، پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ تىپىك ئەپسانىدۇر. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «خۇدا ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپتۇ ۋە ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىغا ياخشىلىق ۋە رەزىللىك مېۋىسىنى پەرقلەندۈرۈپ يېيىش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق قىلمايدىكەن جەننەتتىن قوغلىنىپ، جەبىر - جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق، ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بۇ گۇناھى ئۈچۈن جەننەتتە يۇرۇشتەك مەڭگۈلۈك بەختتىن مەھرۇم قاپتۇ ھەمدە زېمىنغا قايتۇرۇلۇپ ئۆلۈم تەقدىرىنى مۇقەررەر قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇلۇپتۇ... شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆلۈم ئىنساننىڭ تۇنجى گۇناھىغا ئەگەشكەن ھالدا دۇنياغا كەلگەنىكەن»⑯.

ئۆلۈم مانا مۇشۇنداق دەسلەپكى قەدەمدە بەختتىن مەھرۇم بولۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ئەڭ ساپ، ئەڭ ئاددىي تەپەككۇرى بىلەن كۆندىلىك تۇرمۇشنى كۆزىتىش ھەم ئوۋچىلىق پائالىيىتى ئارقىلىق، «ئۆلۈم — يۈرەك سوقۇش توختىغانلىق» دەيدىغان غۇۋا ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرگەن. ئىپتىدائىي تاش قورال دەۋرلىرىدىكى تام رەسىملىرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىدە، ئوقيالارنىڭ ھايۋانلارنىڭ يۈرىكىگە توغرىلانغان كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلى بولۇپ، يۈرەك سوقۇش توختاش بىلەن نەپەسنىڭ توختىشى، ئۆلۈمنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۆلچىمى بولۇپ قالغان⑰. مانا مۇشۇ ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئېڭى توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، 19 - ئەسىرنىڭ

ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئاندىن لاڭ ئاندرېۋ (Lang Andrev)، ج. گ. فرازېر (J.G.Frazer)، فرانز بوئاس (Franz Boas)، ۋ. ب. مالنوۋسكى (W.B.malnowski) قاتارلىق ئىنساشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلغان[48].

دۇنيادىكى نۇرغۇن تېببىي ئالىملار ئۆلۈمنىڭ ئېنىقلىمىسى ھەم ئۆلچىمى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندى. 1968 ـ يىلى ئامېرىكا خارۋارد تېببىي ئىنستىتۇتى ئالاھىدە كومىتېتى ئۆلۈمگە «ئۈزۈكسىز خۇدىنى يوقىتىش ياكى مېڭە ئۆلۈش» دەپ ئېنىقلىما بەردى ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى «تەسىرات ۋە ئىنكاسچانلىقى بولماسلىق» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى[49]. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «ئۆلۈم» دېگەن سۆزنى «ئالەمدىن ئۆتمەك، ۋاپات بولماق، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلماق، قازا قىلماق» قاتارلىق سىلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ ئىستېمال قىلىمىزكى، ھەرگىز «ئۆلدى، ئۆلۈپتۇ» دېگەندەك قوپال سۆزلەرنى ئىشلەتمەيمىز. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈمنى ئۇلۇغلايدىغانلىقى، ئۆلۈمگە ئېتىبار بېرىدىغانلىقى، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سۆزنىڭ كىشىلەر قەلبىگە تەسىر قىلغان ۋاقىتتا روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلىنىپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[50].

يۇقىرىقىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ توتېم دەۋرى، كۆپ خۇدالىق دىن دەۋرى ۋە بىر خۇدالىق دىن دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، مۇشۇ جەريانىدا ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىمۇ دىنلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارغان، شۇنداقلا بۇ خىل دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆلۈم پەرھىزلىرىدىمۇ كۆپ خىل ئۆزگىرىشلەر بولغان. قىسقىسى، ئۆلۈم ئىنسانلارغا نىسبەتەن بىر خىل ۋەھىمىلىك ھەم قورقۇنچلۇق ھادىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر قەدىمدىنلا ئۆزلىرىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆلۈم ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى يېڭىشكە ئۇرۇنغان، شۇنداقلا ئۆلۈم ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى بىۋاسىتە ئېيتىش مەنئى قىلىنغان بولۇپ، كۆچمە مەنىدە ياكى يوشۇرۇن مەنىلىك سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ئادەتكە ئايلانغان.

كىشىلەر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە، دائىم «قازا قىلدى»، «تۈگەپ كەتتى»، «ئالەمدىن ئۆتتى»، «تۇپراققا كىرىپ كەتتى»، «ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى»، «چىرىغى ئۆچتى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قوللىنىپ ئىپادىلەيدۇ ۋە بۇ خىل سىلىق سۆزلەرنى ئىشلەتكەندىن سىرت، بالىلارنىڭ ئائىلىلەردە ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىگە، ئۆلۈمدىن كېلىپ چىقىدىغان تەشۋىش ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈشىگە يول قويمايدۇ (كىنو ـ تېلېۋىزىيەدىكى ئۆلۈم كۆرۈنۈشلىرى چەكلەنمىگەندىن سىرت)، شۇنداقلا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كىشىلەر ئۆلۈم خەۋىرىنى باشقىلارغا تۇيۇقسىز يەتكۈزمەيدۇ.

مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئەمەلىيەتتە ئۆلۈمگە بولغان پوزىتسىيەسىنىڭ ئەكسىگە قايتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىن يېقىنقى زامانغىچە، ئائىلە ئەزالىرى ۋە قوشنىلىرى سەكراتتا ياتقۇچىنىڭ ئۆيىگە قىستىلىشىپ كىرەتتى ـ دە، ئۆلگۈچى ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تەييارلىق قىلىشاتتى. ھازىر كىشىلەر كېسەلگە ئېغىرلىشىپ قالغان ياكى ياشانغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆلۈم توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلدۈرمەسلىككە

ئادەتلەندى[51].

ئۇنىڭدىن باشقا، دوختۇرخانا ياكى ئائىلىلەردە تاۋۇت ساقلاش چەكلىنىدۇ، بۇنداق قىلىشمۇ كىشىلەرگە سورلۇك ھەم سوغۇق تەسىرات بېرىشتىن ساقلىنىشتۇر. شۇڭا، كىشىلەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، تاۋۇتنى مەسچىتلەردىن ئەكېلىپ، ئاندىن دىنىي مۆتىۋەر (ئىمام، ئاخۇن) بىلەن بىرلىكتە جىنازا نامىزىنى چۈشۈرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، كىشىلەرنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلۈم توغرىسىدىكى يەكۈنلىرىنى دەلىللەيدۇ. «20 ـ ئەسىر ۋە كېيىنكى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، ئۆلۈم مەسىلىسى ئەڭ پەرھىز قىلىنىدىغان سۆز تېمىسىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى جىنسىيەت پەرھىزىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى پەرھىزگە ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆلۈم توغرۇلۇق گەپ قىلىش قاتتىق پەرھىز بولۇپ قالدى»[52].

دېمەك، بىراۋنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزگەندە بىۋاستە ياكى قوپال سۆزلەر بىلەن يەتكۈزمەي، ئەكسىچە ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قايغۇلۇق سۆزدىن كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلىنىپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنى ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەش ياكى سىلىق ـ سىپايە، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىپ بېرىش ئۇيغۇر خەلقىگە قاتتىق پەرھىز بولۇپ كەلگەن. بۇمۇ يەنىلا ئۆلۈمنى ئۇلۇغلاشتىن بولغان.

مەلۇمكى، يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىكى ۋە ئۆلۈمى، شۇنداقلا ئۆزىمىز ھايات داۋانلىرىدا دۇچ كەلگەن پېشكەللىك، ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەر، قەلبىمىزدە ئۆلۈمگە بولغان ئازاب ئېڭىنى تورغۇزىدىغان ۋە ئۆستۈرىدىغان تۇپراق. دېمەك، ئازاب تاشقى ئامىللار تەسىرىدە يۈرىكىمىزگە قاتتىق تەسىر قىلغاندا، ئاجايىپ زور بىر بېسىمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىمىز. بۇ بىزدىكى كۈچلۈك ھېسسىيات، چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ قايغۇغا ئايلىنىش ھەم ئازابنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر.

ئۇيغۇر تىلىغا «ئازاب» سۆزى ئەسلىي ئەرەب تىلىدىن كىرگەن، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان خاتىرىلەردە بۇ سۆزنىڭ قەدىمدە «تۇرمۇش قۇرمىغان ئەر ياكى ئايال» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان[53].

14 ـ، 16 ـ ئەسىرلەردە «ئازاب» سۆزى ۋىزانتىيە، لاتىن ۋە ئىتالىيان خىرونولوگىيەسىدە «ئاداپى ـ adapi»، «ئاساپى ـ asapi»، «ئازابى ـ azapi»، «ئاشاپى ـ axapi» قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلگەن[54]. «ئازاب» سۆزى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلاردا «بۇڭ»، بەزىدە «بۇگۇغ» (مۇڭ ـ قايغۇ)، «سىغتا» (قايغۇرۇش)، «ساقتىنتىت» (ھەسرەتلەنمەك)، «ئەمگەتمەك» ئازابلانماق) دېگەندەك شەكىللەردە خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە» داستانىدا «قايغۇر»، «قادغۇ» قاتارلىق سۆزلەر ئارىلاش قوللىنىلغان[55]. بۇ سۆزلەر «ئازاب» نى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى قوللىنىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا.

ئازاب ـــ ئادەمنىڭ ئىچكى ئورگانىزمىدىكى تىترەك، داۋالغۇش ۋە بىر خىل ئىچكى قەلبتىن ئېتىلىپ چىققان ۋولقان بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتا مەيلى ئالىيجاناب قەھرىمان كۈچلەر ياكى ئادالەت بىلەن قارشىلاشقۇچى رەزىل، زوراۋان سۇيىقەستچى كۈچلەر ۋە ياكى خەلق سۆيگەن، ئىززەتلىگەن داڭدار شەخسلەر بولسۇن، ھېچكىم بۇ خىل ئازاب ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ ھەم ھېچكىم بۇنىڭغا قادىر ئەمەس.

ئەمما، ئازابنىڭ ماھىيىتى كىشىلەرنىڭ ھايات قارىشى، ياشاش مەقسىتى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى بولغانلىقتىن، ئۆلۈمنىڭ ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىرىمۇ ـ كەلمەيدىغانلىرىمۇ، مەدھىيەلەشكە تېگىشلىكلىرىمۇ ـ تېگىشلىك ئەمەسلىرىمۇ، شەرەپلىك بولىدىغانلىرىمۇ ـ بولمايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ چىنلىقى، ياخشىلىقى، ئىلغارلىقى، ھەققانىيلىقى بىلەن ئۆلارنىڭ يامانلىق، خۇنۇكلۇك، رەزىللىك، ساختىلىق، قالاقلىق تەرەپلىرى ئۆلارنىڭ ھايات يولىنى تاللايدىغان ھەم بەلگىلەيدىغان پىرىنسىپ بولۇپ، بۇ كۆرەشنىڭ خۇلاسىسى، ماھىيىتى ئۆلۈمدە ئىپادىلىنىپ ئەكس ئېتىدۇ⑯. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئازاب ئېڭى بىلەن ئۆلۈم قارىشىنى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان تەرەپلەر، دەل ئۆلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېم، شامان ۋە بۇددا دىنى ئېتىقادلىرى ئارىلاشقان ئىسلام پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ قاراشلار دىن ۋە مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلاپ، ئۆلۈمنى ھۆرمەتلەش ئاساسىدا ئازابنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بىر قاتار ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلار ۋە ھازا قوشاقلىرى پەيدا بولغان بولۇپ، بۇلار ئۆلۈمنى ئۇلۇغلاش، ئازابنى يەڭگىللىتىش رولىنى ئوينىغان. بولۇپمۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۆلۈمگە بولغان پوزىتسىيە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىرقەدەر ئالاھىدە بولۇپ، يۈزنى تىلىپ يىغلاش، قۇلىقىنى كېسىش، چېچىنى كېسىش ۋە چېچىنى يېيىپ ھازا ئېچىش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن⑰. مەسىلەن، قەدىمدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ھۇن، تۈرك قاتارلىق مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، «كېيىنكى خەننامە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «گېڭ بىڭ قەيسەر، قابىل ئادەم ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قوشۇننى باشقۇرۇشى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ھەربىي يۈرۈش ۋاقتىدا ئۆزى دائىم ساۋۇت كىيىپ، قىسىمنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. دەم ئالغاندا قىسىمنىڭ تەرتىپى بويىچە قارارگاھ قۇرمايتتى. يىراقلارغا چارلىغۇچى ئەۋەتىپ، ئىسىم بېكىتىپ قويياتتى. بىرەر خەۋەر بولۇپ قالسىلا، قىسىملارنى دەرھال جەڭگىۋار سەپكە تۇرغۇزاتتى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلاتتى. خەن جېدىنىڭ يۇڭيۈەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 90 ـ يىلى) ئۇ خۇەن يۇنىڭ ئورنىغا تۇھپىكار دانىشبەگ بولدى. خەن جېدىنىڭ يۇڭيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 91 ـ يىلى) يازدا ئاغرىپ ئۆلدى. ئۇ 50 نەچچە يىل ئۆمۈر كۆردى. خەن جېدى قىزىل رەڭلىك ئۆلۈم ساندۇقى، قاشتېشىدا بېزەلگەن كېپەنلىك تەقدىم قىلدى. تەمىراتېبىگىنى ئەۋەتىپ قەبرە ياساتتى. مېيىتنى ھەربىي ئوركېستىر بىلەن 300 دىن ئوشۇق چەۋەنداز ۋە لەشكەر ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭغا ‹ھەيۋەتلىك تۆرە› دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بېرىلدى. گېڭ بىڭنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى ھۇنلارغا يەتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل دۆلەت خەلقى يىغلاپ كەتتى. بەزىلەر ھەتتا يۈزىنى تىلىپ، قان چىقىرىپ تەزىيە بىلدۈردى»⑱.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب خۇي شېڭ غەربكە نوم ئالغىلى ماڭغاندا خوتەندە توختاپ تەلىم ئېلىپ، بىلىم ئاشۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆز خاتىرىسىدە: «خوتەن بۇددىستلىرى ئۆلگۈچىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كومزەككە قاچىلاپ يەرگە كۆمىدىكەن. خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، يېنىغا بۇت ئورنىتىدىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چېچىنى قىرقىپ، يۈزىنى مورلاپ، ھازا بىلدۈرىدىكەن. پادىشاھنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلمەي تاۋۇتقا سېلىنىپ، يىراق دالاغا دەپنە قىلىنىدىكەن.

كىشىلەرنىڭ دائىم يوقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن، قەبرە يېنىغا بۇتخانا سېلىنىدىكەن»[59] دەپ يازغان.

«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» دە بولسا: «ئىككىنچى موڭغۇل ئىمپېراتورى ئۆگدەي خان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن موڭغۇللارنىڭ پايتەختىگە كەلگەن مەشھۇر سانغۇن مېلىڭ خوڭگا، جۇپ خان ئىسملىك بىر ئاق تاتار سانغۇننى مېھماندار قىلىپ بېكىتتى. سانغۇن مېلىڭ خوڭنىڭ: «موڭغۇل ۋە تاتارلارنىڭ شىمالىدىكى رايونلار، ماۋزۇلۇق پەۋقۇلئاددە ساياھەتنامىسىدە جۇپ خاننىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتى، پەلسەپىسى ۋە ماقال ـ تەمسىللىرىدىن كۆپ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سۆپەتلەر ۋە مەزمۇنلار سۆزلەنگەن بولۇپ، جۇپ خاننىڭ دانىشمەنلىكى ھەر جەھەتتە ئۈستۈن ھېسابلىنىدىغان سانغۇن مېلىڭ خوڭنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر كېلەچەكتە ئۆزلىرىگە زور تەھدىت ئەكېلىدىغان موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى بۇ ئەلچىنىڭ دوكلاتىغا باغلىغانىدى. بۇ چاغدا سانغۇن مېلىڭ خوڭ ئاق تاتار جۇپ خاننىڭ يۈزىنى تىلغانلىقىنى كۆردى ۋە قىزىقىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئۇ ئاق تاتار جۇپ خاندىن ماتەم مۇراسىملىرىدا يۈزلىرىنى پىچاق بىلەن جىجاپ قان چىقىرىدىغانلىقى ۋە بۇ قانلارنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى جاۋابنى ئېلىپ، خالا ـ خالىماس قەدىمكى كۆك تۈرك ئادەتلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ نەقەدەر ئالىي مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ئاق تاتارلارنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ئىپتىدائىي ئادەتلەرنى شۇ ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشتۇرغانلىقىغا بولغان ھەيرانلىقى، ئۇنىڭ ساياھەتنامىسىدە مەخسۇس ئىپادىلەندى. بۇ خاتىرە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخى جەھەتتىن پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى»[60] دەپ يېزىلغان.

يۇقىرىقى مەلۇماتتىن، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەلچىسى مېلىڭ خوڭنىڭ ئۆزىگە يول باشلىغۇچى بولغان، ئاق تاتارلاردىن كېلىپ چىققان موڭغۇل سانغۇنى جۇپ خاننىڭ ماتەم مۇراسىمىدا يۈزىنى تىلىپ، قۇلىقىنى كەسكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئادەتنىڭ ئەسلىدە كۆك تۈركلەرنىڭ ئادىتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» غا ئويۇلغان بايانلارنى كۆرۈپ باقايلى:

«مۇشۇنچىۋالا غەلىبىلەرنى قازىنىپ، ئاتام ئىت يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قازا تاپتى. توڭغۇز يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۈم. تۇتۇق... ئاتىسى لىسۇن دېگەن چوڭ سانغۇن 500 ئەرنى باشلاپ كەلدى. مەززىلىك... ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن كەلتۈردى. دەپنە مۇراسىمى ئۈچۈن (ئىشلىتىدىغان) ئىسرىقدان ۋە ئىپارلارنى كەلتۈرۈپ، ھەممىسىنى ئورنىتىپ بەردى. سەندەل ياغىچىدىن كەلتۈرۈپ، ئۆز... مۇنچىۋالا خەلق چېچىنى كەستى، قۇلىقىنى تىلدى»[61]. «ئۇيغۇر تارىخ ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام» ناملىق ئەسەردە، ئۇيغۇرلاردىن بىلگە قاغان ۋاپات بولغاندا، نىڭگۇ مەلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە يۈزىنى تىلىپ قان چىقىرىپ، يىغلاپ كۆز ياشلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرغانلىقى بايان قىلىنغان[62]. ئەسەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا بولسا: «قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكىلەرنىڭ ئادىتىدە، ۋاپات بولغۇچىنىڭ جەسىتىنى چېدىر ئىچىگە قويۇپ، بالىلىرى، تۇغقانلىرى، ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى كالا، ئات ئۆلتۈرۈپ، چېدىرنىڭ ئالدىدا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. بۇنى يەتتە قېتىم تەكرارلاپ ئاندىن توختىتىدۇ»[63] دېيىلگەن. مېلىڭ خەنىنىڭ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ «يۈزىنى تىلىش، ئۆرپ ـ ئادىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدىمۇ، قەدىمدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا «يۈزىنى ۋە قۇلىقىنى تىلىپ، چېچىنى كېسىپ»، ئۆلگۈچىگە تەزىيە بىلدۈرىدىغان ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا «يۈزىنى ۋە قۇلىقىنى تىلىپ، چېچىنى كېسىپ تەزىيە بىلدۈرۈش» ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ئاۋۋال قايسى مىللەت ۋە خەلق تەرىپىدىن پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتور ماقالىسىدە، ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدىكى سېكتايلار (ساكلار)نىڭ پادشاھى ئۆلگەن ۋاقىتتا، جەسىتىنى ئوتكۇزۇۋالغىلى كەلگەنلەر ۋە پادشاھنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئوخشاش بىر ئىشنى قىلغانلىقى، ئۇ بولسىمۇ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قۇلىقىنىڭ بىر قىسمىنى كەسكەنلىكىنى، چېچىنى چۈشۈرگەنلىكى، بىلىكىنى ئايلاندۇرۇپ جىجاپ جاراھەتلەندۈرگەنلىكى، پېشانىسىنى ۋە بۇرنىنى كەسكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، «يۈزىنى ۋە قۇلىقىنى تىلىپ، چېچىنى كېسىش» ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ئالدى بىلەن ساكلاردا پەيدا بولغانلىقىنى، كېيىنچە ساكلارنىڭ خوتەن تەرەپلەرگە كېلىپ يەرلىشىشى بىلەن، بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ئوت ـ چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەت ۋە خەلقلەرگە تارقالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[64]. بۇلار، قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئۆزگىچە خاس مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ[65].

قەدىمكى دەۋرلەردە ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىز، جۇرجىت، چياڭ، ئېفتالىت، خەنزۇ، تۇبوت، تاڭغۇت قاتارلىق مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئارىسىغا ھازا تۇتۇش ئادىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەت ئىنتايىن قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار يۈزلىرىنى تىلىپ ۋە قۇلىقىنى كېسىپ قان ئاقتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇمغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادە قىلاتتى ھەمدە ئۆلگۈچىنىڭ كېيىنكى روھىي ئالەمدە مەڭگۈ ياشىشىغا ئىشەنچ بىلدۈرەتتى. قان چىقىرىش، تۇتېم قىلىنغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىش بولسا ياخشىلىق ۋە بەخت ـ سائادەتكە تەلپۈنۈشنى بىلدۈرەتتى ھەمدە بەخت، خۇشاللىقنىڭ بەلگىسى بولغان يېڭى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى[66]. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان توتېم قىلىنغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قان چىقىرىپ ھازا ئېچىش ئۆرپ ـ ئادىتى، بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى دەۋردە، ناخشا ـ قوشاق ئۆلۈكلەرنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ، ئوت بولسا ئۇنىڭ روھىنى ئەكېتىدۇ، دېگەن قاراش بولغاچقا، مېيىتنى كۆيدۈرۈپ ئۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن جور بولۇش قاتارلىق ئادەتلەر تۈركىي تىللىق قوۋملاردا خېلى ئۇزاققىچە ساقلانغان. بۇ ھەقتە موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى خوتەنى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئول زامانلاردا ئاتا ـ ئانىسى، باللىرى ئۆلگەندە مۇسىبەت ـ ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىش رەسمى (ئادىتى) بار ئىدى»[67]. شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىكى دەپنە مۇراسىملىرىدا ئوت،

ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن. شۇنداقلا تىرىكلەر بىلەن ئۆلگۈچىلەر روھىغا باغلاش ئىستەكلىرى ئاساسىدىكى روھىي ھالەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بەزىبىر پائالىيەتلەردە روشەن گەۋدىلەنگەن. دەرۋەقە، ئۆلۈم ئۆز ماھىيىتى بىلەن سۈرلۈك تۇسكە ئىگە. شۇڭا، ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ كۆپىنچىسىدە، ئۆلگۈچى بىلەن ئايرىلالماسلىق، ئۇنى خۇش قىلىش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ھېسسىياتىدىن كۆرە ئۇنىڭدىن قېچىش ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «بىز ئامۇ ـ ئارال كۆلى ۋادىسىغا جايلاشقان كۆك قالادىكى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت ماتەم كۆرۈنۈشىدىنمۇ بىر خىل كىيىنىش ئۆلگىلىرىنى كۆرىمىز. ماتەمدە خۇددى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا نەقىل كەلتۈرگەن ئافراسياپ ھەققىدىكى مەرسىيە قوشىقىدا ئىپادىلەنگەندەك ھازىدارلارنىڭ ياقا يىرتىپ، چاچ يۇلۇپ تۇرغانلىقى گەۋدىلەندۇرۇلگەن»[18] دەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى ئۇلارنىڭ ئالەم، دۇنيا ۋە ھاياتلىق ئېڭىنىڭ نەزەرىيەۋى شەكلى سۈپىتىدە مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردىكى شېئىر ـ قوشاقلىرىدا بىرقەدەر ساددا ئىپادىلەنگەن دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا مەڭگۇتاش ۋە «دىۋان» دىكى بەدىئىي تەسۋىرلەردە، تەبىئەت مۇنازىرىسى، پەسىللەردىن قايغۇرۇش، ئۆلۈمگە ئېچىنىش، ئاتا ـ بوۋىلىرىنى سېغىنىش، قىز ـ يىگىتلەر مۇھەببىتى، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇش قاتارلىقلار كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا يەنە خەلقنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم جەمئىيەتكە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ، ئازاب ـ قايغۇنى يوقىتىشنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ. كىشىلىك ھاياتتا قايغۇرۇش، ئىنسان پىسخىك قاتلىمىدا «دىۋان» دىكى قوشاقلاردا خېلى كۆپ تەسۋىرلىنىدۇ[19].

«دىۋان» دىكى جەڭ، ئوۋ، پەسىل ۋە مۇراسىم قوشاقلىرىدا، قەھرىمانلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى باتۇرلۇقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇرۇش ۋە ئۇلارنى سېغىنىش ھېسسىياتى ئىنتايىن تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈمگە بولغان قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان ھازا قوشاقلىرىنى ئوبيېكتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

**1. قەھرىمانلارغا ۋە مەشھۇر شەخسلەرگە بېغىشلانغان ھازا قوشاقلىرى**

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ، بەگلەر ئىتىن ئارغۇزدى،
ۋاپاسىز دۇنيا ئۆلدىمۇ. قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ، مەڭزى يۈزى سارغايدى،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر. خۇددى زەپىران سۈرتكەندەك بولدى.

بۇ قوشاقتا قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئالىپ ئەرتوڭا ۋاپاتىغا بولغان كۈچلۈك ھەسرەت، قايغۇسى خۇددى بەگلەرنىڭ ئىتى ھېرىپ، قايغۇدىن چىرايى زەپىران بولغاندەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىگە ئوخشىتىلىپ تەسۋىرلەنسە، بۇ ئۆلۈمنىڭ ئەرلەرنىڭ قەلبىنى ۋەھىمە ۋە لەرزىگە سالغانلىقى:

ئەرلەر بۆرىدەك ھۆۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىرىشىپ.

ئۆننىڭ بارچە چىرقىراپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلۇر.

دېگەن مىسرالاردا ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەنگەن.

## 2. ئاتىلارغا بېغىشلانغان ھازا قوشاقلىرى

### 1) ئايالىلارنىڭ يولدىشىغا ئاتاپ ئېيتقان ھازا قوشاقلىرى

دامولللام خومارىم،
بوينۇمدىكى تۇمارىم.
ئاي بىلەن كۈن ئايرىلغاندەك،
ئايرىلىپ كەتتى خومارىم.

ئاخۇن دادىدىن ئايرىلىپ،
سۆندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.
گۆھەر دادىدىن ئايرىلىپ.

داموللا دەپ ئېتى قالدى،
بىرلىك سەپتە خېتى قالدى.
خېتىنى ئوقۇپ باقساڭلار،
يەتتە بالام يېتىم قالدى.

ئوغۇل بالىغا نېمە بولاتتى،
تۆت قىزىغا يامان بولدى.
مەرە قىزىغا ئۆۋال بولدى.

مۇرەببىم، ۋاي مۇرەببىم،
قىز چېغىمدا تېگىپتىم.
ئۆلۈپ قالار دېمەپتىم،
غېرىب بولدۇم مۇرەببىم.

نەدىن ئىزدەي مۇرەببىم،
قايدىن تاپاي مۇرەببىم.
سىزدىن كېيىن قالغۇچە،
مەنمۇ ئۆلەي مۇرەببىم.

ئېتىز ـ دالا باغرىغا،
كۆك ئۈندۈرگەن مۇرەببىم،
باغى ئېرەم ئىچىگە،
گۈل ئۈندۈرگەن مۇرەببىم.

قايغۇ غەملىك بېشىمغا،
كۆلاھ كىيەي مۇرەببىم.
ھاسا ئېلىپ قولۇمغا،
بىللە كېتەي مۇرەببىم.

بۇ قوشاقتا بىر تەرەپتىن، ھازىدار ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتى، ئۆمۈرلۈك يولدىشى، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، باللارنىڭ دادىسىغا بولغان كۈچلۈك مېھىر ـ مۇھەببىتى، قايغۇ ـ ھەسرىتى، دەرد ـ ئەلىمى تەسۋىرلەنگەن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئايالنىڭ ھالاۋەت ھەم جاپادىمۇ بىللە بولغان، يوقنى بار قىلىپ، بارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر نان تاپسا تەڭ يەپ، ھايات يولىدىكى ئۇزۇن مۇساپىنى بىللە ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىق، جەبىر ـ جاپالىق كۈنلەردە بىللە بولغان، يىغلىسا تەڭ يىغلاپ، كۈلسە تەڭ كۈلۈپ، غەم ـ قايغۇغا تەڭ شېرىك بولغان، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ۋە مەرد ـ مەردانە،

جاسارەتلىك، ئالىيجاناب، مېھرىبان يولدىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، چۆشىنىشلىك، جانلىق، ئوبرازلىق، ئىخچام، يەڭگىل تىللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

2) باللارنىڭ ئاتىلارغا ئاتاپ ئېيتقان ھازا قوشاقلىرى

| | |
|---|---|
| ئاسماندا يۇلتۇز تولا، | ساماۋاردا چاي قاينايدۇ، |
| بىر – بىرىگە ئوخشىمىدۇ. | توختىماستىن تاشىدۇ. |
| قەشقەردە ئادەم تولا، | داموللامنىڭ قىزلىرى |
| دادام داموللامغا ئوخشامدۇ. | قار – يامغۇردەك يىغلايدۇ. |
| | |
| باغقا كىرسەم باقىدۇ، | باغقا كىرسەم بېدىلەر، |
| بۇلبۇل قاناتىنى قاقىدۇ. | بىر ئورامغا يەتكەندۇر. |
| يىغلىماڭ جانىم ئانا، | مېنىڭ يىغلىغان يىغام، |
| بىزنى خۇدايىم باقىدۇ. | خۇداغا نالە يەتكەندۇر. |
| | |
| سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل، | قوي قوراسىدىن ئايرىلغاندەك، |
| خۇداغا نالە قىلمامدۇ. | گويا شېخىدىن قايرىلغاندەك. |
| ئۆلتۈرۈپ مەن يىغلىسام، | مارجان يىپىدىن سۇغۇرۇلغاندەك، |
| خۇدايىم رەھىم قىلمامدۇ. | ئاتا – ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان |
| | بۇۋى مەريەم قىزلىرىدىن. |

دۇنيادا ئاتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك.⑩ دەرۋەقە، ئاتا بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، باللارنىڭ يۆلەنچۈكى، تۇڭلىسا يېپىنچا، ئىسسىسا سايىۋەن بولىدىغان ئالىيجاناب كىشى، شۇنداق بولغانىكەن. ئاتىنىڭ ئورنىنى قانداقمۇ باشقا نەرسىلەر ئالالىسۇن، ئۇ مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، بەرىبىر ئاتا – ئانىنىڭ ئۆلۈمى، يەنى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك خوشلىشىشى قايسىبىر پەرزەنتكە ئېغىر كەلمىسۇن، يۈرىكى پۇچىلانمىسۇن، دەرد – ھەسرەتكە تولمىسۇن؟ بۇ قوشاقلار نەق مەيداندا ئىجاد قىلىنىپ ئېيتىلغان بولۇپ، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان پەرزەنتلىرىنىڭ قايغۇ – ھەسرىتى، دەرد – ئەلىمى، ئاتىسىغا بولغان كۈچلۈك مېھىر – مۇھەببىتى، سېغىنىشى، ئۇلارنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى مۇرەككەپ ئىچكى ھېسسىياتى ۋە روھىي ھالىتى جانلىق، ئوبرازلىق، يەڭگىل تىللار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

### 3. ئانىلارغا بېغىشلانغان ھازا قوشاقلىرى

1) ئانىلارنىڭ ئاياللىرىغا ئاتاپ ئېيتقان ھازا قوشاقلىرى

| | |
|---|---|
| ئاغىنچام، ۋاي ئاغىنچام، | ھەپتىدە يۈزنى يۇمايتتى، |
| غېرىب بولدۇم، ئاغىنچام. | ناماز گۈزەر، ئاغىنچام. |

نەگە باراي، ئاغىچام، جايىنامازغا باغلاپ قويسام،
نەدە تۇراي، ئاغىچام. ئارغامچا ئۈزەر، ئاغىچام.
ئالتە كۆمەچ ناشتىلىق، قانداق قىلاي، ئاغىچام،
كەم غىزايى، ئاغىچام. قانداق ئېيتاي، ئاغىچام.
بىر جىڭ پاختا ئۈچ يىللىق، ئوتىڭىزغا پايلىماي.
ئوقەت گۆزە ئاغىچام. ھەجگە كېتەي، ئاغىچام.

بۇ قوشاقتا بىر تەرەپتىن، بىر ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتى، مەرھۇم ئايالىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى، سېغىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك رەپىقىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، بۇ ئەلەمگە چىدىماي سەرسانلىق تورمۇشىغا ئاتلىنىپ، ئاللا يولىدا ئاشىق بولۇشقا تەييارلىنىشتەك مەزمۇن ئىپادىلەنگەن.

2) بالىلارنىڭ ئانىلىرىغا ئاتاپ ئېيتقان ھازا قوشاقلىرى

سىز سەكراتقا چۈشكەندە، ئانام، ئانام، ئانام،
خورەك تارتتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
كۆزلىرىڭىز يۇمۇلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
ئېڭىكىڭىز تېڭىلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
رومال ئارتتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
غۇسلى سۈيى قويۇلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
تەرەت ئالدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
كېپەن تونى كىيگەندە، ئانام، ئانام، ئانام،
كۆڭلەك كىيدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
جىنازىغا سالغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
مەپىگە چۈشتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
خەلقىئالەم يىغىلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
تويى بولدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
يېتىپ باردۇق مازارغا، ئانام، ئانام، ئانام،
كىرىپ كەتتىڭىز سارايغا، ئانام، ئانام، ئانام.
قاراپ قالدۇق كامارغا، ئانام، ئانام، ئانام،
يېتىپ قالدۇق تالادا، ئانام، ئانام، ئانام.

ئانا ئۇلۇغ، ئانا مۇقەددەس، ئانىنىڭ بىر تېمىم سۈتى ھەققىگە ئۇنى يەتتە قېتىم يۇدۇپ مەككىگە

ئاپارسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئانىنىڭ ئۆلۈمى ۋە ۋاپاتىغا كىممۇ قايغۇرماي تۇرالىسۇن. ئۇنىڭغا ئىنسان بالىسىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئالەم سوكۇتتە تۇرۇپ ماتەم بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىقى قوشاقتا، پەرزەنتلەرنىڭ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەنلىكى، مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراش، كېپەن كىيدۈرۈش، ئۇنى ئۇزىتىش، ئومۇمەن يەرلىككە قويغۇچە بولغان بارلىق ئىشلار ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن جانلىق، ئوبرازلىق تىللار ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن⑦.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بالىلارغا ئاتاپ ئېيتىلغان ھازا قوشاقلىرى، قېرىنداشلىرىغا ئاتاپ ئېيتىدىغان ھازا قوشاقلىرى، جىنازا ئارقىسىدىكى ھازا قوشاقلىرى ۋە مېيىتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مەسلىھەت سوراش نالە ـ پەرياد قوشاقلىرى دېگەندەك نۇرغۇن قوشاقلار بارلىققا كەلگەن. بۇ قوشاقلارنىڭ ھەممىسى مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمگە قايغۇرۇش، ئازابلىنىش، ئۆلۈمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قىلىپ ئۇلۇغلاش ۋە ئازابنى پەسەيتىشنى مەقسەت قىلغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلاردىكى ھازا قوشاقلىرى مانا مۇشۇنداق بىرقانچە تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ھازا ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئېيتىلىدىغان قوشاقلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ھازا قوشاقلىرى كۆچلۈك قايغۇ ـ ئازابنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي ئاھاڭدارلىقتا ۋە مۇزىكا رىتىمىغا ئىگە. بۇ خىل ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىش، ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يوق دېيەرلىك. بۇ ئادەتنىڭ بەزى رايونلاردا مەۋجۇت بولۇپ، بەزى رايونلاردا مەۋجۇت بولماسلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق. ھەتتا بەزى جايلاردا بولۇپمۇ لوپنۇردا مەخسۇس ھازىچى ئاياللار بار بولۇپ، ئۇلاردا ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۇرۇپ ھازا ئېچىش ئادىتى بار، بۇنىڭمۇ قانداق پەيدا بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس⑦.

ئىزاھاتلار:

㊳ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، 340 ـ بەت.

㊴ يۇقىرىدىكى كىتاب، 345 ـ بەت.

㊵ يۇقىرىدىكى كىتاب، 346 ـ بەت.

㊶ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 451 ـ بەت.

㊷ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 70116 ـ بەتتىن ئېلىندى.

㊸㊹ ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىللىق 4 ـ سان، 64 ـ، 65 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

㊺㊻㊼ رەيھانگۈل يۇسۇپ: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ھازا قوشاقلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىللىق 4 ـ سان، 1 ـ بەتتىن ئېلىندى.

㊽㊾㊿ يۇقىرىقى ماقالىدىن ئېلىندى.

51 52 27 ـ ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

⑬⑭⑮⑯ ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا هايات هېكمىتى ۋە ئۆلۈم ئېڭى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، يۇقىرىدىكى ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى.

⑰ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑱ تۇرسۇن هوشۇر ئىدىقۇتنىڭ: «قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ‹يۇزىنى تىلىش، ئۆرپ ـ ئادىتى توغرىسىدا› ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ «كېيىنكى خەننامە» 3 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى، 718 ـ بەت.

⑲ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑳ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 12 ـ توم 1 ـ قىسىم، 1979 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 55 ـ بەت.

㉑ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 105 ـ بەت.

㉒㉓㉔ تۇرسۇن هوشۇر ئىدىقۇتنىڭ «قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ‹يۈزىنى تىلىش، ئۆرپ ـ ئادىتى توغرىسىدا›»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2002 ـ يىللىق 4 ـ سان، 73 ـ، 75 ـ بەتلەر.

㉕ رەيهانگۈل يۈسۈپ: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە هازا قوشاقلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 2008 ـ يىللىق 4 ـ سان، 94 ـ بەتتىن ئېلىندى.

㉖ يۇقىرىدىكى ماقالىنىڭ 96 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

㉗ ئاينۇرە دۆلەت: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرهىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىللىق 12 ـ سان، 61 ـ بەت.

㉘ ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن: «سىكانايى ـ ساك ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيەلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان.

㉙ ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا هايات هېكمىتى ۋە ئۆلۈم ئېڭى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، رەيهانگۈل يۈسۈپنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى.

㉚ رەيهانگۈل يۈسۈپ: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە هازا قوشاقلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 2008 ـ يىللىق 4 ـ سان، 98 ـ، 99 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

㉛ يۇقىرىقى ماقالىنىڭ 99 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

㉜㉝ يۇقىرىقى ماقالىنىڭ 100 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)

رەھىمجان ئاتايېۋ (ئاتائولى)

# فارابىنىڭ دوستى

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

ھىجرىيە 311 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 933 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلى يازغا ئوخشىمىدى. نورۇز كۈنلىرىدە باغدادتىن يولغا چىققان كارۋان ھەلەبكە كېلىشى بىلەنلا قارا بوران ئىچىدە قالدى. كۆكلەمنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسپاھان ئۇنى مۆلدۈر بىلەن قارشى ئالدى. يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇخارايى شەرىفتە ئۆتكەن ئۈچ كۈن جەريانىدا خۇددى كۆز پەسلىدىكىدەك شارقىراپ ياغقان يامغۇر كارۋان ئەھلىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىپ خۇن قىلىۋەتكەندەك بولدى. مانا، كارۋان يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە خۇپتەن ۋاقتىدا سەمەرقەند دەرۋازىسىدىن قەدىمىي شاش قەلئەسىگە كىرىپ كەلگىنىدە كۆڭۈللەرنى خۇش قىلىپ يەنە يامغۇر تامچىلاۋاتاتتى. كارۋان تۆت كوچىنىڭ كېسىشكەن يېرىگە يېتىپ كەلگىنىدە يامغۇر كۈچىيىپ تېخىمۇ قاتتىق شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. ئاسماننىڭ تۆۋى تېشىلىپ، توپان قوپتىمۇ، نېمە بالا بۇ! يامغۇر دېگەن مۇشۇنداقمۇ ياغقان بارمۇ؟ كارۋاننىڭ باش قىسمى چەپكە، يەنى ئوترار دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرۇلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قاتتىق يامغۇردا تۈگۈلۈپ قالغان ئۈچ پىيادە يولۇچى ئايرىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقىنى 60 ياشلاردىن ھالقىغان، ئېگىز قەددى خېلىلا مۈكچىيىپ قالغان ياشانغان بىر كىشى، ئوتتۇرىسىدىكى 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن سەكرەپ ـ تاقلاپ مېڭىۋاتقىنى 20 ياشلاردىكى بىر يىگىت ئىدى.

ئوتتۇرىدا مېڭىۋاتقان ئادەم مۆلدۈردىن يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن دالدا قىلغان ھالدا ئالدىدىكى ياشانغان ئادەمگە دېدى:

— بۇ قانداق بولغىنى، ئۇستاز، ئايىغىمىز ياراشمىدىمۇ ياكى بىز بىلەن يىغلاپ كۆرۈشمەكچىمىدۇ؟

ياشانغان ئادەم پېتىنى بۇزماي مېڭىۋەرگەن ھالدا شاگىرتىغا تەنبىھ بەردى:

— شۈكۈر قىلىڭ، سەئىد ئەلى، بوتام! خۇدانىڭ سۆيى، رەھمىتىغۇ بۇ! بۇ نېمەتكە زار بولۇپ يۈرگەنلەر تالاي!

يىگىت قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئوتتۇرىدىكى ئادەمگە يېتىشىپ گەپ قوشتى:

— ھەئە، ئۇستاز، «ھەسەلنىڭ ئۆزى شېرىن» دېگىنىڭىزدەك بىز بىلىقمىدۇقكىن، بۇ مۆلدۈردە يايرىغىلى...

ياشانغان كىشى ئارقىسىغا قىيا باقتى:

— سەۋر قىلىڭ، نەسرىددىن، ئوغلۇم ! غولاچقا چىدىدىڭىز، غېرىچقىمۇ چىداڭ ! مانا ماۋۇ دوقمۇشتا 41 يىل بۇرۇن بۇخارايى شەرىفتە بىللە ئىلىم تەھسىل قىلغان قەدىردانىم تۇراتتى، ئېسىپ بولسا، شۇنىڭ ئۆيىدە پۈتۈن كۆرگەن – كەچۈرگەنلىرىمىز ئۇنتۇلغاي !

ياشانغان كىشى تېزلىك بىلەن بېرىپ ئىشىكنى تاقىلدىتىۋىدى، نەقىشلىك دەرۋازىنى بىر قولىدا يامغۇرلۇق، يەنە بىر قولىدا پانۇس كۆتۈرگەن 30 ياشلاردىكى ئادەم ئاچتى. پانۇسنىڭ خىرە يورۇقىدا ياشانغان يولۇچىنىڭ سۇ يالىغان قىيادەك چىكى، قاتمال يۈزلىرى ۋە ئوتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئىككىلىنىش پەيدا بولدى:

— قەدىردانىم مۇھەممەدنىڭ قۇتلۇق ئۆيىمۇ بۇ، بوتام؟

پانۇس كۆتۈرگەن ئادەم باش لىڭشىتتى:

— شۇنداق، تەخسىر.

— جانابلىرى ئۆيدە بارمىكىن؟

— شۇنداق، تەخسىر... قېنى، مەرھەمەت قىلىشسىلا ...

مېھمانخانىدا ئۈستىگە كىمخاب تون كىيىپ، بېشىغا سەللە ئورىغان ئۆچكە ساقال ئادەم ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئىككى مويسىپىت يۈزمۇيۈز كەلگەندە، بىر – بىرلىرىگە تىكىلگەنچە دەقىقە جىمىپ قالدى. ئاخىر، جىملىقنى مېھمان بۇزدى:

— تەخسىرىم، پېقىرنى تونۇمايراق قالدىلىغۇ دەيمەن؟

ساھىبخانىنىڭ خۇددى يىگىتلەرنىڭكىدەك سىلىق ۋە سېمىز يۈزىدە جانلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈندى:

— بولدى، بولدى، ئەمدى ئاۋازىڭىزدىن تونۇدۇم ! مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل فارابى ئەت تۈركىي! ۋاي خۇدايىم، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن ! كەچ بولغاندا باغداتتەك يىراق جايدىن غېرىبانە كۆلبىمىزگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ چۈشۈممۇ بۇ، ئوڭۇممۇ؟ قېنى، بىر كۆرۈشەيلى ! — ساھىبخانا شۇنداق دەپ قۇچاق ئاچتى، — سىزدەك زامانىمىزنىڭ ئەللامىسىنى قانداق شامال بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، دوستۇم؟ !

مېھمان ئۆزرە سورىغاندەك قول قوۋۇشتۇردى:

— يۇرتۇمنىڭ شامىلى... يىراق كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇستى – بېشىم چىلىققىدە ھۆل !

ساھىبخانا ھەمسۆھبىتىنىڭ يېلىگىنا ئۇستى – بېشىنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك بىرئاز ئىككىلىنىپ غولىچىنى يىغدى – دە، بەدىنىگە ماس كەلمەيدىغان سالاپەت بىلەن قول سوزدى:

— ئۇنداقتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشەيلى ! خۇش كەپسىز، قەدەملىرىڭىزگە مۇبارەك !

— خۇشۋاق بولۇڭ، ئەزىز دوستۇم !

ئۆي ئىگىسى باشقا مېھمانلار بىلەنمۇ بىر قۇر قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى تۆردىكى شىرە ئەتراپىغا تەكلىپ قىلدى. پاتىھە ئوقۇلغاندىن كېيىن ئادەت بويىچە ھال – ئەھۋال سوراشتى، شۇ جەرياندا مېھمانلار ئۈستىدىكى ھۆل كىيىملىرىنى يېشىپ، ساھىبخانا بىرمۇبىر تارقىتىپ چىققان ئاپپاق لۆڭگە بىلەن يۈز – كۆزلىرىنى، بويۇنلىرىنى ئېرتىۋاتقاندا، يىگىت شوخلۇق بىلەن كۈلدى:

— خۇددى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن توخۇدەك بولۇپ كەتتۇقمۇ! قورۇقلۇق دېگەنمۇ بار ئىكەن ـ ھە! ئايلىناي ئۆزۈمنىڭ سەھراسىدىن!

ساھىبخانا بۇ گەپلەرنى ماختاش دەپ چۈشەنگەن چېغى، سىپايىلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— پەقەت قورۇقى ئەمەس، قايىنقى، سوغۇقى، يەنى ھەممىسى بار بۇ ئۆيدە. قوتلۇق ئۆيدىن قورۇق كەتمەيسىلەر، بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولۇڭلار!... قېنى، بەھۇزۇر دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار!...

ئۆي ئىگىسى شۇنداق دەپ ئۇلارنى خالىي قالدۇردى. كۆپ ئۆتمەي مېھمانخانىدا ئاۋۋال مۇلازىم ـ خىزمەتكارلار، ئاندىن نازۇ ـ نېمەتلەر، ئاخىر، كۈمۈش قەدەھ، گۈلگۈن شارابلار ئايلىنىشقا باشلىدى. شارابتىن ئەمەس، تەكەللۇپ ـ ئىلتىپاتلاردىن باشلارمۇ ئايلاندى. چارچاشلار چېقىتى، ئاياغلارنىڭ بوغقۇچلىرى يېشىلدى، لېكىن تىل تۈگۈنى يېشىلىپ، دىل ساندۇقى ئېچىلمىدى. تەن يايرىدى، بىراق جان ھۇزۇر ـ ھالاۋەت تېپىپ، دىل ئارام ـ پاراغەت سەزمىدى. ئاخىرىدا، مېھمانلارنىڭ چوڭى «ياخشى ئولتۇرۇۋاتامسىلەر؟» دەپ كۆڭۈل سوراپ كىرگەن ئوغۇلنى سوئالغا تۇتتى:

— ئاتىڭىز كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

ساھىبخانا ئېھتىرام بىلەن قول قوۋۇشتۇردى:

— ئۆزۈر، ئاتام سەپەرگە ئاتلىنىپ ... چاقىرايمۇ، تەخسىر؟

— ئەگەر مالال كەلمىسە...

بىر ئازدىن كېيىن ئۆي ئىگىسى مۇھەممەد دوست سالاپەت بىلەن كىردى ـ دە، داستىخان تۆرىدە مۆكچىيىپ ئولتۇرغان ياشانغان مېھماننىڭ ئۇدۇلىدا يانپاشلاپ ئولتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ، «يۇرتۇمنىڭ شامىلى» دەڭ، دوستۇم؟ بۇ يۇرتنىڭ شامىلى ناھايىتى يامان! ھېلى قوقان شامىلى، ھېلى قىبلە شامىلى... شامال ئەمەس، نەق قاتتىق بوران! ئۇچۇرسىمۇ قاتتىق ئۇچۇرىدۇ!

بۇ سۆزلەر مېھمانغا مالال كەلگەن بولسا كېرەك، غەمكىن ئاۋازدا ئۆزىنى ئاقلىغاندەك دېدى:

— ھەئە، ئەمدى، ئۆز يۇرتىمىزنىڭ شامىلى ئىكەن ...

ساھىبخانا گەپنىڭ ئاھاڭىنى ئۆزگەرتتى:

— بۇخارا تەرەپلەر ئامانمۇ؟

— ئامان.

— بىز تەھسىل كۆرگەن مەدرىسە ياخشى تۇرۇپتۇمۇ؟

— ياخشى.

— باغدادتا نېمە گەپلەر بار؟

— باغداد تىنچلىق.

ساھىبخانا بىر ئاز جىمىپ قېلىپ، مېھماننىڭ كۆزلىرىگە سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلدى. مېھمان بۇ كۆزلەردىن بىر ئەپسۇس ـ نادامەتنى ۋە ئۆزىنى ئەقىللىق كۆرسىتىۋاتقاندەك ھالەتنى سەزگەندەك بولدى: «سەن ئاخىر ماڭا موھتاج بولدۇڭ، مەن بولسام ھېلىھەم ۋەتەندىمەن!» بۇنىڭدىن ئۆزىنى تېخىمۇ ناقولاي سېزىپ قىسىنغان مېھمان ئۈنسىز جاۋاب بەردى: «كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، مەن ئاددىي ئادەم... ھەئە، دوستۇم، مەن سەندىن بىچارىراقمەن!» جاۋابتىن ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى رازى بولغان بولسا كېرەك،

ئەسلىگە قايتىپ، مېھمانلارغا يۇقىرىدىن نەزەر تاشلىدى:

— ئەمدى، دوستۇم، سىلەر يول يۈرۈپ چارچاپ قالدىڭلار. بەھۇزۇر دەم ئېلىپ تۇرغايسىلەر... مەن... ئوچۇقىنى ئېيتسام، شەھەر ھاكىمى ئەتە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر يېشى بىلەن نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىنى قوشۇپ قىلماقچى. شۇڭا، بۈگۈن كەچقۇرۇن شەھەرنىڭ كاتتىلىرىنى مەسلىھەت ئېشىغا چاقىرغانىكەن، كۆرۈنۈش بەرمىسەم بولماس. بىللە بارارمىز - ھە، دوستۇم؟ نى - نى مازارلارنى بېسىپ، كۆپنى كۆرۈپ كەلگەنسىز؟

ياشانغان مېھمان قەددىنى رۇسلاپ، مىڭ يىللىق قىيادەك تىكلەندى:

— كەمىنە كەمتەر بىر غېرىب ئالىم، ئۆتنىڭ ئۈستىگە مۇساپىرمەن. شۇڭا، تونۇمايدىغان شەھەر ھاكىمىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇپ بارسام... كۆرگەن كۆزگىمۇ، ئاڭلىغان قۇلاققىمۇ ياقماس. سىز بىمالال بېرىۋېرىڭ، دوستۇم، بىزنى دەپ كۆپ ئەرزىيەت چەكمەڭ!...

ساھىبخانا ئورنىدىن يەڭگىل قوزغالدى:

— ئۇنداقتا سىلەر بەھۇزۇر دەم ئېلىپ تۇرغايسىلەر. مانا ئۆي - جاي، مانا ئاش - چاي، مانا خىزمەتكار - مۇلازىملار!...

ئۈچ مېھمان خالىي قالغاندىن كېيىن، مويسىپىت ھەمراھلىرىغا سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلدى:

— مەن سىلەرگە ئېيتسام، بۇ ئائىلىدىكى سەپىرىمىزمۇ ئاخىرلىشىشقا يۈز تۇتتى، ئەزىز بۇرادەرلەر. ئەمدى ئۆي ئىگىسى كەتكەندىن كېيىن... بىزمۇ قوزغىلارمىز!

سەئىد ئەلى ئۇستازىغا ئەجەبلىنىپ قارىدى:

— سىرتتا مۆلدۈر، زىمىستان... 40 يىللىق قەدىردانىڭىزنىڭ يوروق ئۆيىنى تەرك ئېتىپ، يەنە نەگە، ئۇستاز؟... ئىسپاھاندىن چىقىپ، بەلختە، ھىراتتا، تېرمىز بىلەن نەسەبتە، ھەتتا بۇخارايى شەرىفتە كۆرگەن - كەچۈرگەنلىرىمىزنى چۈشىنىمەن. بىراق... ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ۋە سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزنى چۈشەنمەي قالدىمغۇ، ئۇستاز؟...

بوۋاي ئاچچىق كۈلدى:

— بۇ جاي سىزنىڭ ئەرەبىستانىڭىز ۋە ياكى ئارىستوتىل ھەزرەتلىرىنىڭ يۇنانى ئەمەس، تۈركىستان دېيدۇ بۇ يۇرتنى، سەئىد ئەلى، بوتام! بۇ ئۇلۇسنى خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلمەمىز، چۈشەنمەيمەن، سىز قانداق چۈشىنەرسىز؟! «قىبرى قىزنىڭ كۆڭلى نازۇك» دېگەندەك، تۈركىستانلىقنىڭ كۆڭلى شۇ قەدەر نازۇككى، ئۇنىڭغا بىر گەپ كەملىك، ئىككى گەپ كۆپلۈك قىلىدۇ. نېمىلا بولسۇن، يارانتقۇچىنىڭ دەرگاھى مانا بۇ ھەشەمەتلىك ئۆيدىن كەڭرەك!...

شاگىرت بىلەن ئوغۇل بوۋاينىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندى، ئۈچى مېھمانخانىدىن چىقىۋاتقاندا، ئوغۇل داستىخان ئۈستىدە بىر پارچە قەغەزگە — ئاتىسى يېزىپ قالدۇرغان ئىككى سەترگە ئىختىيارسىز كۆز تاشلىدى: «قورسىقىمغا ئەمەس، قەدرىمگە يىغلايمەن. دىدار غەنىيمەت ئىدىغۇ، ئەي دوست!»

ئۇلار تاشقىرىغا چىقىپ، شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاستىدا يەنە يولىنى داۋام قىلدى، بوۋاي قاراڭغۇ ئاسمانغا كۆزىنى تىكتى: «كۈندىن - كۈنگە مجەزى چۈس، تەبىئىتى نازۇك بولۇپ كېتىۋاتقان گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈر، كىرەملىك خۇدا! ھالاۋەتسىز كۆڭلۈمنىڭ كوچا - كويلىرى ۋە بۇ

ئۇلۇسنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى مانا بۇ ئەرەب شاگىرتىم بىلەن يالغۇز ئوغلۇمغا قانداق چۈشەندۈرەي؟ مۇھەممەد دوست ئەمدى مۇھەممەد دوست ئەمەس، ئۇنىڭ ھەتتا سېنىڭ بەندەڭ ئەمەس، دۇنياغا كۆڭۈل قويغان نەپس بەندىسى ئىكەنلىكىنى بۇلارغا قانداق چۈشەندۈرەي؟ ! 40 يىللىق قەدىردانى ئۇچۇن ئاچقان غولچىنى ئۆزىنىڭ ئۇستى - بېشىنى دەپ قايتا يىغىشتۇرغان دوست دوست ھېسابلىنامدۇ؟ ئۆزۈڭ ئېيت، پەرۋەردىگارى ئالەم؟ ! بۇ پانىي دۇنيانىڭ مېلى سەۋەبلىك مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىگە دوست بولالمىغان ئاجىز بەندەڭ پەيغەمبەر ئەكرەمگە ۋە يا ئۆزۈڭگە چىن دوست بولالايتتىمۇ، يا ئاللا؟ !»

بوۋاينىڭ خىيالىدا 45 يىلچە بۇرۇن بۇخارايى شەرىفتە ئىلىم تەھسىل قىلغان چاغلىرىدىكى ئۈچ دوست — «ئۈچ مۇھەممەد»تىن بىرى، بىمەھەل دۇنيادىن كېتىپ قالغان ئاتەشنەپەس شائىر دوستى مۇھەممەد يارنىڭ بىر شېئىرى قۇيۇندەك ئايلاندى:

دوست قايدادۇر، دوست قايدا، ھەق دوست، يا ئاللا !
كۆندىمىدۇر يا ئايدا، ھەق دوست، يا ئاللا !
ئاستانەڭگە باش ئۇراي، ھەق دوست، يا ئاللا !
دوست بارمىكىن بۇ جايدا، ھەق دوست، يا ئاللا !

«بۇ ئالەمدە ئۆيلەر كۆپ، دېمەك دوستلارمۇ كۆپ ! پەقەت ئەستايىدىل قىدىرىش ۋە تېپىش كېرەك ! — دەپ ئويلىدى ئۆزىچە ئەبۇ نەسر مۇھەممەد، — ئىزدەپ يۈرۈپ مەككىنى تاپقان ئادەم بۇ ئەزىم زېمىندا، ئۆزىنىڭ ئانا دىيارىدا بىر سادىق دوست تاپالماسمۇ؟ !»

ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ خىيالىنى ئوغلى نەسرىددىنىنىڭ بىر سوئالى، توغرىسى، ئويلانماستىن ئېيتقان تېگى زىل ھەزىلى بۇزدى:

— ئەمدى پۈتۈن كېچە شارقىراپ ياغقان يامغۇردا سەيلە قىلىمىزمۇ، ئاتا؟ !

«ئاھ، سەۋرسىز بالام، تاقەتسىز بالام ! سەۋرچان بولغىن، ئانا يۇرتتا كوچىدا قالماسمىز، بەلكىم ! بۇ ئالدىراڭغۇ مىجەزىڭ بىلەن ئاتاڭنىڭمۇ ھەمدە ئانا يۇرتۇڭنىڭمۇ ئىچكى ئەھۋالىنى تېرەنرەك ھېس قىلىپ، توغرا چۈشىنەلەرسەنمۇ تاڭ؟ !...»

ئەمما، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ھالىغا قاراپ رەھمى كەلدى. شاگىرتىنىڭ ھالىغىمۇ ئېچىنىش بىلەن كۆز يۈگۈرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇچ كەلگەن بىر كۆرۈمسىز ئىشىكنى كۈچ بىلەن قاقتى. كۆپ ئۆتمەي ئىچكىرىدىن تۇۋۇلغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كىم ئۇ ئوچۇق ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى بۇزۇۋاتقان؟ !

— خۇدا ئاتا قىلغان مېھمانلار !

ئىشىك ئىچكىرىدىن تارتىپ ئېچىلىپ، يالاڭ ئاياغلىرىغا چاڭ كېپىش كىيگەن 50 ياشلاردىكى يالاڭباش، يېلىڭ كىيىملىك ئادەم كۆرۈندى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! قەدەملىرىگە مۇبارەك ! ئەزىز مېھمانلار، ئوچۇق ئىشىكتىن بىمالال كىرىۋەرگەيسىزلەر ! قېنى، مەرھەمەت، تەخسىرلەر !

تۆت كىشى تارغىنا ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى سەندەلنىڭ تۆت تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشتى. پاتىھە ئوقۇشتى. ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. ئاندىن ئۆي ئىگىسى ئېچىلىپ گەپ باشلىدى:

— بۇنى قاراڭلار، بۇنى قاراڭلار! خۇدا بېرىمەن دېسە بېرىۋېرىدىكەن ـ ھە! — ئۇ ئەمدىلا قايىنىغان قىزىق شورپىنى داستىخانغا قويدى، — «ھەي، شۇ تاپتا ئۆز ئارا ھال ـ مۇڭ بولۇپ، سۆھبەت قۇرىدىغان بىرەر دىلكەش بولغان بولسا!» دەپ تۇرغىنىمدا، خۇدايىمدىن ئايلىناي، بىراقلا ئۈچ مېھماننى يەتكۈزدى دېسە! بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟! قېنى، ئەزىزلىرىم، تاپقان ـ تەرگەنلىرىمىزمۇ، كۆڭلىمىزمۇ، پانىي دۇنيانىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىمۇ ئوتتۇرىمىزدا. بىر تال ئۈزۈمنى 40 كىشى بۆلۈپ يېگەن يەردە تۆتىمىز چاھار دەرۋىشتەك تۆت قۇتۇپنى ئوتتۇرىدا تەڭ كۆرەلمەسمىزمۇ؟!

ئۆي ئىگىسى كۈتكەندىنمۇ ئارتۇق ئادەم — تىلىدا دىلكەش سۆھبەتداش چىقىپ قالدى. قولى قولىغا تەگمەي ئىلتىپات كۆرسىتىۋېتىپ، لېۋى لېۋىگە تەگمەي گەپنى گەپكە ئۇلىدى:

— ئەمدى، ئەزىزلىرىم، ئاۋۋال ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي. ئەنە ئاۋۇ قوشنا مەدرىستە ھەسەن يولداش ئاتلىق، ھەسەن كەيپى لەقەملىك مۇدەررىس بولغىنىمدىن بېرى كۈندىلىك تىرىكچىلىكىم ئاساسەن سۆزلەش بىلەن ئۆتىدۇ. سىلەرگە ئېيتسام، كەمىنىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئەزالىرىم تىل بىلەن جاغ. ئەمما، تىلى تىلىمغا چۈشىدىغان ئادەمنى تاپسام، مەي ئىچمىسەممۇ، بۇرۇنى بۇرۇنغا سۈركەپ قۇرۇلىدىغان سۆھبىتى جانانىدىنمۇ بەكرەك كەيپ قىلىمەن — ھەسەن كەيپىيمەن!

سەئىد ئەلى بىردە ئۇستازى ئەبۇ نەسر مۇھەممەدگە، بىردە ئۇستازىنىڭ ئوغلى نەسرىددىنگە ئاستىرتىن كۆز يۈگۈرتۈپ، مەنىلىك كۈلدى:

— جانان سۆھبىتىگە خۇشىڭىز يوق ئىكەن، يەنە مەدرىستە مۇدەررىس ئىكەنسىز، نېمىشقا شەھەر ھاكىمىنىڭ مەسلىھەت ئېشىغا بارماي يالغۇز ئولتۇرىسىز، ئاكا؟ سىز شەھەرنىڭ كاتتىلىرىدىن ئەمەسمۇ ـ يا؟

ساھىبخانا ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كۈلدى:

— ھەي، ياشاڭ، مېھمان! سىزمۇ مەن بىلەن ئوخشاشتىن چىقىپ قالدىڭىزغۇ! گەپنىڭ تېگىنى بىلىدىكەنسىز! لېكىن، ھەممە نەرسىگە يەتكەن ئەقلىڭىز مانا بۇ تىلىم بىلەن جاۋغىيىمنىڭ كۈچىگە يەتمەيدۇ جۇمۇ! مېنىڭ تىلىم شۇنداق دەھشەتكى، يۈزۈڭىزدە كۆزۈڭىز بارمۇ دېمەي ھەق سۆزنى ئېيتىشقا باشلىغىنىمدا ... ئادەم بالىسى چىدىيالماي قالىدۇ. ھەرقانداق تويىنى ھازىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بەزىدە ئۆزۈم چىدىيالمايمەنۇ، شەھەر ھاكىمى قانداق چىدىسۇن بۇ تىلغا؟! كۆرىمىز تېخى، سىلەر قاچانغىچە چىدىيالارسىلەركىن؟

سەئىد ئەلى ئەمدى نەسرىددىنگە مەنىلىك قارىدى:

— بۇ ئادەمنىڭ ئېيتىكىنى مەھكەم تۇتامسەن، موللا نەسرىددىن ئىنىم؟ «نەسرىددىن ئەپەندىمەن» دېگەن ئارزۇيۇڭغا يېتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئۇستازلىقتا مانا مۇشۇ ئادەم يارايدۇ. قانداق دەيسەن؟

نەسرىددىن ئاۋۋال سەئىد ئەلىگە، ئاندىن ھەسەن كەيپىيگە ھۆرمەت بىلەن قارىدى:

— بۇمۇ مەيلى. بىراق ... ئىسپاھان بىلەن بۇخارادىكى نى ـ نى ئەپەندىلەر مەن چۈشكەن چاقچاق مەيدانىدا بىر چوقۇشقا چىدىماي قېچىپ كەتكىنىنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز. بىلمىدىم، بۇ ئاكىمىزنىڭ بىر چوقۇغۇدەك ھالى بارمىكىنتاڭ! ...

ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ئوغلىغا تەھدىتلىك قاراپ، ئۇنىڭغا ئاتىلارچە تەنبىھ بەردى:

— ئۆپكەڭنى بېسىۋېلىڭ، ئوغلۇم! «ئەبۇ نەسرمەن» دەپ پەخىرلىنىپ يۈرگىنىمدە ئىخلاسمىنى قايتۇرمالىڭ. ئۆزىڭىزنى ئەر بىلسىڭىز، ئۆزگىلەرنى شىر بىلىڭ! ئىسپاھان ئەمەس، تۈركىستان دەپ ئاتايدۇ بۇ يۇرتنى! بۇ يۇرتتا ھەربىر لەۋزى لۆتفقا تەڭ شۇنداق تىلى ئۆتكۈرلەر باركى، ئۇلارنىڭ قېشىدا سىز تۇگۇل ئاتىڭىزمۇ لام ـ جىم دېيەلمەي قالىدۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئۆي ئىگىسىگە سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلدى ۋە سورىدى:

— مەدرىستە قايسى ئىلىمدىن ساۋاق بېرەرسىز، ئىنىم؟

— مەنتىق ئىلمىدىن.

— قايسى كىتابلار ئاساسىدا؟

— ئەر رازىي، ئەل كىندىي، ئەل فارابىي رىسالىلىرى ئاساسىدا، تەخسىر ...

— يۇنان، ھىندى ۋە چىن ئىلمىدىن ياخشى خەۋەردار ئوخشىمامسىز؟

— ئەپسۇس، تەخسىر ... ئەمدى بىز ... ناھايىتى بىر چالا ساۋات مۇدەررىس... ھەرگىزمۇ ئەل فارابىي ھەزرەتلىرى ئەمەسمىز، جاھاننىڭ 90 تىلىدا بىمالال ئوقۇپ، يېزىۋېرىدىغان...

نەسرىددىن تېزلا ئاتىسىغا قارىدى. سەئىد ئەلى قەددىنى راسلاپ، نېمىدۇر دېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۈمەللىۋىدى، ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ سۆھبەتنى داۋام ئەتكۈزۈشنى خالىمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئالتە ئايدىن بۇيان ئۇ ياكى بۇ تەرزدە تەكرارلىنىۋاتقان گەپلەر، قويۇپ بەرسە، شۇ تاپتا يەنە ئېيتىلىشقا چۈشىدۇ: «سىز ئاشۇ كىشىنى تونۇمسىز؟» «ئۇدۇلىڭىزدا ئولتۇرۇپتۇغۇ؟» «ۋاي ئاللا! بۇنى قاراڭ، بۇنى قاراڭ! تونۇماسنى سىلىماس، دېگەندەك تونۇمىغاچقا ...» شۇنداق قىلىپ، ئۆزرىخاھلىقلار، ھەمدۇ سانالار، ھەيرەت ـ تەئەججۇپلەر، ھەۋەس ـ ھەسەتلەر ... جاھان مەشھۇرى بولۇپ تۇرۇپ مۇھەممەد مۇستاپاغا چىن ئۇممەت بولۇش... ئاھ، نەقەدەر مۇشكۇل ئىش ـ ھە!...

فارابىي شاگىرتى بىلەن ئوغلىغا «جىم» دېگەن مەنىدە جىددىي قارىغاندىن كېيىن، ساھىبخانىغا يۈزلەندى:

— ئەمدى، ئىنىم، سىزنىڭ يېشىڭىز نىسبەتەن چوڭراق كۆرۈنىدۇ. دىل چىگىچىلىرىنى بۇ ئىككى ئىنىڭىز بىلەن بەھۇزۇر يېشىۋەرسىڭىز. بىز قېرىلار بىرەر خىلۋەتەك يەردە تىل بىلەن دىلنىڭ ئەمەس، ئاياغنىڭ چىگىچىنى يەشكىنىمىز ياخشىدۇر. قانداق دەيسىز؟

ساھىبخانا قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— باش ئۈستىگە، تەخسىر. خۇدا ئاتا قىلغان مېھماننىڭ ئەمرى ۋاجىپ ...

ئەبۇ نەسر مۇھەممەد چىرايلىق مورا ـ تەكچىلەر بىلەن ياسالغان تۆركلەرگە خاس خانىغا كىرىپ، يۇمشاق تۆشەككە سوزۇلدى ۋە ئۆزىنى 50 يىل بۇرۇن فارابتىكى ئۆيىدە — تەۋرەتمە ئىلەڭگۈچتە بەھۇزۇر ياتقان بالا ۋاقتىدىكىدەك سەزدى. خۇداغا شۈكۈر، مانا، ئانا يۇرتقا بارىدىغان سەپەرنىڭ كۆپى تۈگەپ، ئاز قىسمى قالدى. قول ئۇزارتسا يەتكۈدەك جايدا بالىلىقى ئۆتكەن قەدىردان فاراب، قەدىردان ئوترار! يەنە بىر جەھەتتىن ئادەتتىكىدەك سەپەر تەسىراتلىرىنى خاتىرىسىدە بىمالال جەملەشنىڭ ئەڭ مەقبۇل ئىمكانىيىتىنى، ئۆز ئۆيىۋىدە ياتقاندەك خاتىرجەم يېتىپ خىيال سۈرۈشنىڭ پەيزىنى دېمەيسىز؟!

شاگىرتى بىلەن يالغۇز ئوغلىغا تۇركىي ئۇلۇسنى ــ ئانا يۇرتىنى تونۇشتۇرۇشنى بولسا، بۈگۈنچە ئەنە ئاۋۇ گەپدان ھەسەن كەيپىگە ئىشىنىپ تاپشۇرسا بولىدۇ. ئۇنىڭ تىلى ھەقىقەتەن قىلىچ تىغىدىنمۇ ئۆتكۈررەكتەك تۇرىدۇ ...

فارابىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆمرىنى ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزۈپ، قولىدا قىلىچنى چاققانلىق بىلەن ئوينىتىپ ياشىغان ئاتىسى ئەمىر مۇھەممەد تارخاننىڭ قامەتلىك بەستى گەۋدىلەندى ھەم ئاتىسىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى قۇلاق تۈۋىدە قايتا ياڭرىغاندەك بولدى: «شۇنى ئۇنتۇماڭكى، ئوغلۇم، سىز ئۈزلۈغنىڭ ۋارىسى، تارخاننىڭ نەۋرىسى سىز! شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۇزۇن بارماقلىرىڭىزغا قەلەم ئەمەس، قىلىچ ياراشقاي، ئوغلۇم! ساھىبقىران مۇھەممەد مۇستاپانىڭ ئۈممىتى، ئەمىر مۇھەممەد ئۈزلۈغنىڭ ئەۋلادى بولغىنىڭىز ئۈچۈن قەلەمنى قويۇپ، قولىڭىزغا قىلىچ ئېلىڭ، ئوغلۇم! قەغەز ـ قەلەمگە مىلەنگەن ھالدا ئۆرتىنىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش سىزگە ياراشمىغاي. مەن سىزگە ئېيتسام، بۇ يورۇق ئالەمدە قىلىچنىڭ تىغىدىنمۇ ئۆتكۈررەك نەرسە يوق! ...»

ئۇ ئاشۇ چاغدا ئەنە ئاۋۇ يالغۇز ئوغلىدىنمۇ ياش، لېكىن ئىنتايىن جاھىل ئىدى... ھەر قېتىم بۇزرۇكۋار ئاتىسىغا ئۆزىچە ئەقىل ئۆگىتەتتى: «ياق، ئاتا، سىز بىلمەيسىز! قىلىچتىن قەلەم، قەلەمدىن تىل، تىلدىن ئەقىل ئۆتكۈررەكتۇر!»

مانا، 50 يىلدىن بېرى شۇ ئۈچ ئۆتكۈر قورالنى ئاتىسى قولىدا تۇتقان قىلىچتىنمۇ ئەپچىلرەك ئوينىتىشقا جان ـ جەھلى بىلەن ئىنتىلىپ ياشىدى. قەلەمگىمۇ، تىلغىمۇ، ئەقلىغىمۇ ئەھمىيەت بەردى. مانا، پەيغەمبەر يېشىنى ماراپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، ھېلىھەم بىلەلمەيدۇ: ئاتىسىنىڭ ئېيتقىنى توغرىمۇ ياكى ئۆزىنىڭمۇ؟! جانابىي ھەق كىمگە دوست، يا ئاللا؟! پەيغەمبەر يېشىدا بۇزرۇكۋار ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، سۆيۈملۈك شاگىرتى بىلەن يالغۇز ئوغلىنىمۇ زىيارەت قىلدۇرۇپ، نەق يېرىم ئەسىرلىك سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالىسا ئىدى، كاشكى! بۇ ھالاۋەتسىز كۆڭلى تەسكىن، تەسەللى تاپالىغان بولسا ئىدى، كاشكى!

ئەبۇ نەسر مۇھەممەد نېمىسى بىلەندۇر ئۆزى تۇغۇلۇپ ۋايىغا يەتكەن قۇتلۇق خاندانىنى ئەسلەتكۈچى تارغىنا خانىدا ياستۇققا يانپاشلاپ «ئاياغ چىگىكىنى يېشەر»گە باشلىغىنىدا، 50 يىل مابەينىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئىسكەندەر ئەينىكىدەك مۆجىزنۇيي خىيال ئەينىكىدە بىر ـ بىرلىرىگە ئۇلىنىپ، بىرىككەنچە قايتا جانلاندى: مانا، 14 ياشلىق ئۆسمۈر تۇنجى مۇھەببىتى ئايگۈلنى ئانا يۇرتى فارابتا قالدۇرۇپ، بۇخارايى شەرىپكە ئوقۇشقا ئاتلانماقتا. مانا، «ئۈچ مۇھەممەد» دوستلار، مەدرىسە ھۇجرىلىرىدىن بىرىدە ئىلىم ئىستەپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىماقتا. مانا، ئاتەشنەپەس شائىر مۇھەممەد يار ئەتراپىنى قورشىغان ئالىمانغا قاراپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شېئىر ئوقۇماقتا:

مەن ھەققە دوست مۇھەممەدمەن،
بىكەمى كوست مۇھەممەدمەن!
كۆرەلمىگەن مار ـ يىلانلار،
تاشلاڭلار پوست، مۇھەممەدمەن!

* * *

ئاسمان تولغان يۇلتۇزغا، قېنى مېنىڭ يۇلتۇزۇم؟
ئۇزۇن كېچە، كور كۆزلەر، قېنى مېنىڭ كۈندۈزۈم؟ !
ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتتىڭ سەن، يا ئاللا،
بىر ئالەمگە سىغمىغان بەندەڭگە بەرگىل تۈزۈم ...

* * *

دىلرەباسىز بۇ ئۆلۈستا بولدۇمغۇ بەدىل،
ئىككى چەشمەم بىرى جەيھۇن، بىرسى ئېدىل.
بۇ تىنچسىز يۈرىكىمنى قاي تاشقا ئۇراي،
فەنانى دەپ بەقادىن يۈز بۇرىما، ئاھ، دىل ! ...

مانا، مەدرىسە ئەھلى مۇھەممەد يارنى چېكىدىن ئاشقان شېرىكلىك ۋە دەھرىيلىكتە ئەيىبلەپ يامان ئاتلىق قىلىشماقتا. مانا، ھەر كۈنى كېچە مۇھەممەد يارنى يار ئەمەس، دارنىڭ دىدارىغا يەتكۈزۈپ «ئارام تاپقان» شائىرچاقلار ئەمدى بىرى ئېلىپ، بىرى قويۇپ شېئىر ئوقۇشماقتا:

مەن ھەققە دوست مۇھەممەدمەن،
بېكەمى كوست مۇھەممەدمەن ! ...

مانا، ئۆزى قەدىردان ئاداشلىرىدىن بىرى مۇھەممەد دوستنىڭ دەۋەت ـ ئىلھامى بىلەن بۇ شائىرچاقلارغا قارشى نۇتۇق بايان قىلماقتا: «ياق، سىلەر مۇھەممەد ئەمەس، مۇھەممەد يارنىڭ قاتىلى سىلەر ! ھەقنىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخور سىلەر ! ئوچۇق ئېيتقاندا، دىۋىدەك بىر دومىلاپ ‹مۇھەممەد›كە ئايلانغان ئاددىيغىنا مەمەجان، مەمەدوست، مەمەشەرىپ، مەمەسالىھ سىلەر ! ...» مانا، ئىككىلەن بۇخارانى تەرك ئېتىپ، توغرىسى، ھەق سۆزنى كۆتۈرەلمەيدىغان بەندەئى ئاجىزلارنىڭ چەكلەش ـ تەقىبلىرىدىن قېچىپ، شاشقا كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد دوست ئۆز ئائىلىسىدە مول زىياپەت بېرىپ، ئالقىشلار ئېقىمىنى ئۇنىڭ باش ئۈستىدىن سەلدەك ياغدۇرماقتا: «ياشاڭ، دوستۇم ! ھەرقانچە ئېغىر بولسۇن، ھەقنى ئۆز يولىدا قارار تاپتۇرۇش ئۈچۈن ھەق سۆزىڭىزنى تەپ تارتماي ئېيتتىڭىزمۇ، دېمەك، سىزمۇ كەم ـ كوتىسىز مۇھەممەدنىڭ دوستىسىز — دوستمۇھەممەدسىز ... !» مانا، قەدىردانى مۇھەممەد دوست ئۇنى باغدادقا ياخشى تىلەك بىلەن ئۇزاتماقتا: «ئامان بېرىپ سالامەت قايتىڭ، دوستۇم ! ئالغىنىڭىز ئالتۇن، تۇتقىنىڭىز تىللا بولسۇن ! ئېلىڭ ـ يۇ، ئالدۇرماڭ؛ ئۆزىڭىز

ئۆزۈك ـ يۇ، ئۆزگىلەرنى ئۇزدۇرمەك !...»

كۆز ئالدىدا نامايان بولغان ئاخىرقى مەنزىرىلەردىن ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ جەھلى قاتتى. بۇگۇن ئېنىق ـ روشەن مەلۇم بولدىكى، مۇھەممەد دوستمۇ كەم ـ كوتىسىز مۇھەممەد دوست ئەمەس، خام سۇت ئەمگەن ئاجىز بەندە، ئۆتۈپ كەتكەن چۈپرەندە ئادەملەردىن بىرى ئىكەن، خالاس. بەس، چۈپرەندە ئادەملەرنى قويۇپ تۇرۇپ، بۇ جاھان ئايۋىنىدا كۆزگە سۇرتكۇدەك يىرىك شەخسلەرنى ئويلىغىنى ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ ئىنسانىيەت، ئۇلۇس، ھەتتا ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئاۋۋال ئەنە ئاشۇ يىرىك شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، مىجەز ـ خاراكتېرلىرىغا باغلىققۇ، ئاخىر !

ئەمدى ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇستازلىرى ئىمام بۇخارىي، ئىمام تېرمىزىي، مۇھەممەد خارەزمىي، ئەھمەد پەرغانىي، ئەھمەد مەرۋەزىي، ئابباس جەۋھەرىيلەرنىڭ نۇرلۇق سىيمالىرى نامايان بولدى. ئەر رازىي، ئەل كىندىي، لوقمانى ھەكىم، ئارستوتېل، ئۇ كىشىنىڭ ئۇستازى ئەپلاتون ۋە ئۇ كىشىنىڭمۇ ئۇستازى ھەكىم سوقراتنى... جىمىكى ئۇستازلىرىنىڭ قىياپەتلىرىنى ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلدى. ئەجەبا، ھەكىمنى سوقراتنى ئولتۇرگەن ئالىماننىڭ باش ئۇستىدىكى لەئىن شەيتان ھەرقانداق ئادەم بالىسىغا ھەمىشە ھەمراھمىدۇر؟ ئەجەبا، ئۇ مۇھەممەد مۇستاپاغا چىن ئۇممەت بولۇش ئۈيىدىكى كامىل ئىنسانلارنىڭ كۆشەندىسى بولىۋېرەمۇ؟ ! كۆشەندىلىكلەر، پاتۇرماسلىقلار، قانخورلۇقلارنىڭ ئاخىرى بارمۇ، ئۆزۈك ئېيت، كىرەملىك خۇدا؟ ! قۇتۇپ يۇلتۇزى ـــ ئالتۇن قوزۇقتەك سەرۋەرى ئالەمنى ياراتقان ئۆزۈك... يەتتە قاراقچىدەك كۆشەندىلەرنىڭ ئېيىق پالۋانلارچە ساختا قەھرىمانلىقلىرىنى، كامىل ئىنسانلارنى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ ياشايدىغان قارا كۆڭۈللەرنىڭ قارا قىلمىشلىرىنى ئەجەبا كۆرمەسسەنمۇ، بىلمەسسەنمۇ، قاراڭغۇ كېچىلەردە قارا تاش ئۇستىدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان قاپقارا قۇرتنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىنمۇ ۋاقىپ ۋە ئاگاھ، مېھرىبان ۋە رەھىمدىل ئاللا؟ !..

ئىشىك ئاستاغىنا چېكىلدى، ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ خىياللىرى بۆلۈندى.

ـــ كىرىڭ ! ..

قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن ئائىلە ساھىبى كىرىپ قول قوۋۇشتۇردى.

ـــ كېلىڭ، ھەسەن كەيپىي ئىنىم، تارتىنماي كىرىۋېرىڭ، ئۆز ئۆيىڭىز...

ـــ مەن گۇمراھنى ئەپۇ قىلغايلا، ھەزرىتىم ... شۇ تاپتا ئارامىڭىزنى بۇزۇشقا مەجبۇرمەن. تاشقىرىدا قەدىردانىڭىز مۇھەممەد دوست بىلەن ھاكىم جانابلىرىنىڭ ئورۇنباسارلىرى ئەمرىڭىزنى كۇتۇپ، بىر ئېغىز سۆزىڭىزگە تەشنا...

ـــ سەۋەب؟...

ـــ سەۋەب شۇكى، ھاكىم جانابلىرى سىزنى يوقلاۋېتىپتۇ...

ئەبۇ نەسر مۇھەممەد خۇددى خانىدا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك بوغۇلۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، سوغۇققىنا سورىدى:

ـــ سىزنىڭ قۇتلۇق خانىدانىڭىزدا قونغىنىمىزنى مۇھەممەد دوست قانداق بىلىپ قاپتۇ؟

ـــ سورىسام، «كانايچى، كانايچىنىڭ ئۆيىگە سۇنايچى كېلىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىۋەردىم، دەيدۇ دوستىڭىز، ئۇستاز...

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار ـ ھە!

— ھاكىم جانابلىرىنىڭ ئورۇنباسارلىرىغا نېمە دەي، تەخسىر؟...

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسال ئەھۋالىنىڭ ئۈستىگە مەسلىھەت سورىغان كىشىنىڭ نادانلارچە سوئالىغا ئاچچىقى كەلدى. شۇندىمۇ شەيتانغا ھاي بېرىپ، كۆڭلىدىن كەچكەن پىكرىنى ئىمكانقەدەر سىلىقراق ئېيتتى:

— پېقىرنىڭ ھاكىم جانابلىرىدا ئىشىم يوقتۇر. ھاكىم جانابلىرىنىڭ پېقىردا ئىشى بولسا، مەرھەمەت، باش ئۈستىگە...

«تىلى ئۆتكۈر، ئۆتۈپ كەتكەن ھەققوي» ھەسەن كەيپىي كۆزدىكى ياپراقتەك تىترەپ ـ تەمتىرەپ سورىدى:

— چۈشەنمىدىم، تەخسىر، سىز دېمەكچى؟...

ئۇ ئىگىسىنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ ۋە سوئالىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ كۈلكىسى قىستىدى. «پازىل شەھەرنىڭ ئاقىل رەھبىرى» شەھەردىكى كامىل ئىنسانلارنى ئوبدانلا ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغان بولسا كېرەك! چىن ھەققويىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ بولسا، ئۇياقتا تىل ياغلىما يالاقچىلار يىغىنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈشكە ئورۇنۇۋاتقان تۆگىدەك قانچىلىك ئېشىلىپ تولغىنىۋاتقاندۇ ـ ھە؟!

ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ئورنىدىن يەڭگىل قوزغىلىپ قويۇپ، ئىختىيارسىز كۈلدى:

— چۈشەنمىگىنىڭىزمۇ ياخشى، ئىنىم! «پازىل شەھەر ھاكىمىنىڭ ئاقىلانە ۋە ئادىلانە ئەمرىگە ئىتائەت قىلماق شەھەردىكى ھەربىر كامىل ئىنسان، ھەتتاكى ھەربىر مۇھاجىر ۋە مۇساپىرنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.» بۇ گېپىم چۈشىنەرلىك بولسا كېرەك؟...

ئۇلار مۇھەممەد دوستىنىڭ ئادەتتىكىدەك، لېكىن ئۆزگىچە يارىشا چوڭراق مېھمانخانىسىغا چىقىپ كەلگەنلىرىدە پۈتۈن جامائەت تېزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشتى. مۇھەممەد دوست بولسا، پىلدىرلاپ كېلىپ ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ ئايىغىغا باش ئۇردى:

— مەندەك ئاجىز بەندىنى ئەپۇ قىلسىلا، ئەقىلسىزلىك قىپتىمەن. جانابلىرىنى تونۇپ تۇرۇپ ھۆرمەتنى جايىدا قىلماپتىمەن، مەن ئاسىي، مەن گۇمراھ، مەن نادان!...

چىن دىلىدىن چىقمىغان، پەقەت ھاكىمنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن نائىلاج ھالدا تىل ئۇچىدا ئېيتىلىۋاتقان گەپلەردىن ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ ئاچچىقى تېخىمۇ كەلدى. ئۇ مۇھەممەد دوستنى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— قويۇڭ، دوستۇم، ئادەمنى خىجالەت قىلماڭ، دوست دوستنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇشى دوستلۇقتىن بولماس! — شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھاكىمنىڭ ئورۇنباسارى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا تىكىلدى، — شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا، كېچە قاراڭغۇسىدا ھاكىم جانابلىرىنى بىئارام قىلىش شەرقىلىقلارغا خاس ئەدەپتىن بولماس، شۇڭا تاڭغا قەدەر سەۋر قىلغىنىمىز ياخشىراقمىكىن؟...

ھاكىمنىڭ ئورۇنباسارى غوجىسىدىن لوقما كۈتكەن كۈچۈكتەك خۇشامەت قىلدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، تەخسىر، سىزدەك زامانىمىز ئەللامىسىنىڭ يوللىرىغا سايىۋەنلىك مەيمۇ، ھاكىم جانابلىرىمۇ ئىنتىزار. ئەكسىچە، ئۇ كىشىنى ساقلىتىش شەرقىلىقلارغا خاس ئەدەپتىن بولمىسا كېرەك...

قارىغاندا، ساختا تەكەللۇپلارغا ئوراپ - چىرمالغان سۆزلەرنى مەسخىرىۋازنىڭ توپىدەك ئېتىپ ئويناشنىڭ ئەمدى ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ. مەسلىھەت، تەلەپ، بۇيرۇق... ئالىي پەرمان شۇنداق: سەئىد ئەلى بىلەن نەسرىددىن خالىسا ھەسەن كەيپىينىڭ، خالىسا مۇھەممەد دوستنىڭ خانىدانىدا تاڭغا قەدەر ھاردۇق چىقىرىدۇ ۋە تاڭ سەھەردە ھاكىم جانابلىرىنىڭ ھوزۇرلىرىغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇلارغا شەخسەن مۇھەممەد دوست جانابلىرى خىزمەتتە بولىدۇ. زامان ئەللامىسى بولسا، ئۆزى تېزلىك بىلەن بېرىپ، ھاكىم جانابلىرىنىڭ پەيزىلىك خانىدانىنى تېخىمۇ ئاۋات، دانا مەسلىھەتلىرى بىلەن مۇنەۋۋەر كۆڭۈللىرىنى تېخىمۇ يورۇق قىلىدۇ. تامام، باشقا گەپكە ئورۇن يوق!...

باغداد خەلىپىسى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى تۈرك سۇلتانىغا تەڭلەشكۈدەك ھەيۋەت، دەبدەبە بىلەن ھاكىمنىڭ ھوزۇرىغا يول ئېلىۋېتىپ، ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ خىياللىرى قاناتلاندى. يا پەلەك! بۇ نە كۆرگۈلۈك بولدى ئەمدى؟! ئەنە ئاۋۇ ھەسەن كەيپىينىڭ پېقىرانە كۈلبىسىدە ئۆز ئۆيىدىكىدەك ھوزۇر - ھالاۋەت ھېس قىلىپ، كۆڭلى ئەمدى ئارام تاپقىنىدا بۇنىسى قانداق «بەردار، بەردار»لىق؟! زامانە زورلىرىنىڭ دەستىمۇ، قىلىچىمۇ شۇ قەدەر ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈركى، ھەرقانداق جايغا مۆكۈنۈپ ياتساڭمۇ، سېنى دەرھال تاپقۇسىدۇر!... ھاكىمنىڭ مۇددىئاسى نېمە؟ خەلىپەئى باغدادتەك بەيتۇل ھېكمەسى يوقتۇركى، «شۇنى باشقۇرۇڭ!» دەپ تاپشۇرىدىغان! ئىسمائىل ساماني ياخشى نىيەتلەر بىلەن ئاساس سالغان سەلتەنەت تەختىنى بىر ئاماللار بىلەن قولغا كىرگۈزگەن پەدەرقۇش① ھۆكۈمداردەك «مەن ئىسكەندەرى ساني②مەن» دەپ دەۋا قىلىپ، ئۇنىڭغا «كېلىڭ، ئۇستاز، مېنىڭ باش مەسلىھەتچىم بولۇڭ! كەمىنە — ئىسكەندەرى ساني، ئۆزلىرى — مۇئەللىمى ساني③ بولۇپ، بۇ دۆلەتنى ئىسكەندەر دۆلىتىدىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرەيلى!» دەپ «شاھانە ئىلتىپات» كۆرسەتمەكچىمۇ - يا؟... ئاشۇ نادان ساماني ھۆكۈمدار، ئاشۇ مەنمەنچى پەدەرقۇش بىلمەيدۇكى، چاك - چېكىدىن سۆكۈلگەن خەلىپىلىك ھۇدۇدىدا، جۈملىدىن، مۇشۇ زېمىندا «مۇئەللىمى ساني» بىر بولسا بىردۇر، يەنە بىر «مۇئەللىمى ساني» چىقسا، تۆگە ئۆركىشىدەك مۈكچەيگەن زىممىسىدىكى تاغدەك ئېغىر يۈكنى ئۇنىڭغا بەجانىدىل تاپشۇرۇپ، ئاخىرەت تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل بولار ئىدى! لېكىن، قېنى ئاشۇ «مۇئەللىمى ساني؟!» ئۇ ئاۋۇ سەئىد ئەلىمۇ، ھەسەن كەيپىيمۇ، نەسرىددىنمۇ، مۇھەممەد دوستمۇ؟... نەچارە، ئۆزى يەككە - يالغۇز، تەنھا - يېگانە «مۇئەللىمى ساني»، توغرىسى، «مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد!» لېكىن، بۇ ئۇلۇغ تۇران زېمىندا كىم كۆپ؟ «ئىسكەندەرى ساني» كۆپ! بۇرۇنمۇ كۆپ ئىدى. خەلىپىلىك چاك - چېكىدىن سۆكۈلگەندىن كېيىن، يەنىمۇ كۆپەيدى. غەزنەۋىيلەر سۇلتانى — بىر «ئىسكەندەرى ساني»، خارەزمشاھ، تەبئىيكى، يەنە بىرى. بۇياقتا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى بۇغراخان، يەنى قەدىم تۈركىي تىلدىكى باشقا بىر سۆز بىلەن ئېيتىلسا، «نار تۆگەخان» — «ئىسكەندەرى ساني»لارنىڭ ئەڭ كاتتىسى!... يەنە تۈركىي ئۇلۇسنىڭ نى - نى مەلىكۈش - شۇئارالىرى بۇ «ئىسكەندەرى ساني»لارنىڭ كۆرسەتكەن كارامەتلىرىنى تەسۋىرلەپ داستانلارنى ئىجاد قىلسا ئەجەب ئەمەس! كىم بىلىدۇ، توپان سۈيى

① پەدەرقۇش — ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.
② ئىسكەندەرى ساني — ئىككىنچى ئىسكەندەر.
③ مۇئەللىمى ساني — ئىككىنچى ئۇستاز.

بولمىسىمۇ، ھەرھالدا يامغۇر سۈيى بولسىمۇ يۇيۇپ تۇرغان مانا بۇ قەدىمىي شاش قەلئەسىدىن يەنە بىر «ئىسكەندەرى سانىي» چىقىپ كېلىۋاتامدۇ تېخى؟! ھەممىسى ئۆز خان كۆلەڭگىسى مەيدان، ئۆز خان — ئۆز بەگ ... ئۆزى ئۆزىگە بەگلىكنىڭ چەك - چېگراسى بارمۇ؟!

ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلگەنلەردە «جانابىي ئالىيلىرى»نىڭ ئۆزلىرى كۈتۈۋېلىشقا چىقىپ، ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ مەپىدىن چوغدەك قىپقىزىل پاياندار ئۈستىگە چۈشۈشىگە ياردەملەشتى - دە، تېزلىك بىلەن ئىچكىرىگە باشلىدى ۋە لېۋى لېۋىگە تەگمەي ئەرزى ھالىنى باشلىۋەتتى:

— سىزدەك زامان ئەللامىسىنىڭ دانا مەسلىھەتلىرىگە شۇ تاپتا بەكمۇ، بەكمۇ موھتاجمەن، ئۇستاز! ئۇچۇقىنى ئېيتسام، ئەتە ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقان تويۇمنىڭ ھازىرغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتىمەن. چۈنكى، بەگلىك ھودۇدىدىكى ئايغاقچىلار كەلتۈرگەن خەۋەرگە قارىغاندا، شۇ تاپتا قاراخانىيلارنىڭ خاقانى بۇغراخان ئوترار دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىدا ئۆز قوشۇنى بىلەن ھۇجۇمغا تەل بولۇپ تۇرۇپتۇ! شەھەرنى زەبت ئەتكەندىن كېيىن، بۇخاراغا، غەزنىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن باغدادقا قوشۇن تارتماقچىمىش! بۇ شۇم خەۋەرنىڭ ئۈستىگە قەدىردانىڭىز مۇھەممەد دوست بىر خۇش خەۋەر كەلتۈردى، سىزدەك ئەقلى ئۆتكۈر زامان ئەللامىسىنىڭ ئۆز ئاياغلىرى بىلەن يۇرۇپ قەلئەگە كىرىپ كەلگىنى ئەزەل تەقدىرىنىڭ ياخشى پالى، ياراتقاننىڭ ئىنايىتى بولۇپ تۇيۇلدى ماڭا! بۇ چىگىچنى يېشىش جانابلىرىدەك ئۆتكۈر ئەقىل ساھىبىدىن باشقا ھېچكىم ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان مۇشكۈل مەسىلە دەپ ئويلاپ ... ئەجەبا، پەيغەمبەر يېشىم بىلەن سۆيۈملۈك نەۋرەمنىڭ سۈننەت تويى ... ھازىرغا ئايلىنارمۇ، ئۇستاز؟ ...

ھاكىمنىڭ ئاھۇزارى، گەرچە ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ غەزەپ ئوتىنى پەسەيتمىسىمۇ، ئەسلىدىلا يۇمشاق، يىپەكتەك مۇلايىم كۆڭلىنى بىرئاز بولسىمۇ يۇمشاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا تەسەللى - تەسكىن بېرىشكە ئالدىرىدى:

— سەۋر قىلىڭ، ئەزىز دوستۇم! سەۋر بىلەن تەدبىر بەئەينى ئىككى قاناتتۇركى، ئادەم بالىسىنىڭ ھەرقانداق مۇشكۈلىنى ئاسان، ئۆزىنى قۇشتەك ئازاد قىلغاي. سەۋر بولسا، بىرەر تەدبىر تېپىلماي قالماس! ...

ئاياغ ئاستىغا قېلىن ئەرەب گىلەملىرى سېلىنغان، تاملارغا چوغدەك يال - يال تاۋلىنىپ تۇرغان قەدىمىي تۈركچە پەردە ۋە ھەر خىل ئىراننىڭ گىلەملىرى ئېسىلغان كۆركەم مېھمانخانىدىكى ياستۇقلۇق كۆرپىلەرگە ئولتۇرۇپ، مامۇق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ پاتىھە ئوقۇلغاندىن كېيىن ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان ھاكىم ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان خاس كىشىلىرىگە بۇيرۇدى:

— ھەممىڭلارغا رۇخسەت! ئەللامە بىلەن ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى ھېچكىم بۇزغۇچى بولمىسۇن!

ئۇلار خالىي قېلىشقاندىن كېيىن، ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ھاكىمنىڭ ئۆزىنى بوغۇزىدىن ئېلىپ پىچاقسىز سويۇشىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئېتىنى بۇرۇنراق قامچىلاشنى لايىق كۆردى:

— قېنى، سۆزلىسىلە تەخسىر، كۆڭۈللىرىدە قانداق ئويلىرى، قانداق مەخپىي پىلانلىرى، پىنھان مۇددىئالىرى بار؟ .. ئەگىتىپ ئولتۇرماي، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسىلا! ...

ھاكىم ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، نازۇ نېمەتلەرگە لىق تولغان شىرەنى ئايلىنىپ

ئۆتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يانپاشلىدى:

— گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، ئۆزلىرىگە مەلۇم تەخسىر، مانا ماۋۇ تاشتىنمۇ قاتتىقراق قەلئەيۇ مۇزاپات ئەزەلدىن بۇ قەدىمىي زېمىننىڭ كىندىكى، مەركىزى بولۇپ كەلگەن. سىزدەك ئەللامە تارىخ ئىلمىدىنمۇ ياخشى خەۋەردار سىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى تەخسىرىمگە ئېيتىپ يۈرۈش ھاجەتسىز. 1000 يىل بۇرۇنقى قۇدرەتلىك قاغىل دۆلىتىنىڭمۇ، بەش ئەسىر بۇرۇنقى ئالەمگە مەشھۇر تۈرك خاقانلىقىنىڭمۇ پايتەختى مانا مۇشۇ قەلئە ئەتراپىدا، مۇشۇ مۇزاپات ھودۇدىدا بولغانلىقى ئۇرۇنسىز ئەمەستۇر. لېكىن، شىمالدىن جەنۇبقا، جەنۇبتىن شىمالغا، شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە ئۆتكەن ـ كەتكەن ھەربىر كۆچمەن بۇ قەلئەيۇ مۇزاپاتنى قان قاقشىتىۋەرگەن. ئاخىر بىز ھېچقاچان ئۆتكەننىڭ ئورغىقىنى، كەتكەننىڭ كەتمىنىنى ئېلىپ، بىرەر كەلگۈندىنىڭ ئارپىسىنى خام ئورىغانمىدۇق؟ ئىنساب بىلەن ئېيتىڭ، تەخسىر؟ ! بىزنىڭ نىيىتىمىز ئەڭ خالىس ۋە غەرەزسىزدۇر. بۇ گەپلەرنى ئاۋۇ كۆچمەنچى بۇغراخانغا قايسى تىلدا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟!

ئەبۇ نەسىر مۇھەممەدنىڭ خېلىلا يۇمشىغان كۆڭلى يەنە تاشتەك قاتتى. «ھەي ... نادان ! — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە، — سەن بۇ قەلئەنى پۈتۈن ئۇلۇسنىڭ ئەمەس، بۇ يورۇق ئالەمنىڭمۇ كىندىكى دەپ ئويلاۋېتىپسەن ـ دە؟ ئۇنداقتا ئاپراسىيابنىڭ قەشقەرۇ ـ سەمەرقەندىنى، بوخارخۇدلاتلارنىڭ بۇخاراسىنى، تاھىربىنىڭ سۇرخانىنى، زەردۇشت بابانىڭ خارەزمىنى، يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ جاھان قوينىدا سەن ئېيتقان تۆت قۇتۇپقا نەچچە قېتىم ئات ئوينىتىپ ئۆتكەن قەدىمىي كۆچمەنچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزلىرىنى نېمە قىلىمىز؟ ! يەنە كۆمۈپەيكۈم قىلىمىزمۇ؟ تاپساق قىلىمىز ـ دە ! بۇ جاھان قوينى توگۈل، بۇ ئۇلۇسنىڭ ئۆزى سېنىڭ ئادەتتىكى كۆلچەككە ئوخشاش تەسەۋۋۇرۇڭغا سىغمايدىغان دەرىجىدە كەڭغۇ، ئاخىر، نادان ! بەس شۇنداق ئىكەن، بۇ كەڭ ئۇلۇسقا ئۈچۈق كۆز، كەڭرى نەزەر بىلەن قارىساڭچۇ ! ھەر كىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى يامان ئاتلىق قىلىش بىلەن كەم ـ كوتىسىز ئۆزىگە بەگ بولالايتتىمۇ؟ نى ـ نى ئاقىللار ئۆتكەن بۇ شەھەرنىڭ تەقدىرى سېنىڭدەك ئىچى تار بىر گۇمراھقا قالامدۇ يەنە؟» كۆڭلىدىن ئۆتكەن بۇنداق ئويلارنى پەيغەمبەر يېشىدىمۇ ئەقلىنى تاپالمىغان مانا بۇ تەڭدىشى — قوۋمدىشىغا قايسى تىلدا، قايسى يوسۇندا ئېيتسا بولاركىن؟ ھەق يولىدىن ئازغان بۇ گۇمراھقا قانداق چۈشەندۈرسە بولاركىن؟ ! ...

كۈتۈلمىگەندە ئىشىك ئېچىلىپ، ئېگىزرەك بىر مۇلازىم ئىككى پۈكلىنگۈدەك ئەلپازدا تەزىم بەجا كەلتۈردى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، جانابلىرى ! ئوتىرار دەرۋازىسىدىن ھازىرلا كەلگەن چاپارمەن ئىشىك ئالدىدا ئەمرىڭىزگە ئىنتىزار... !

— نېمە خەۋەر بار؟ ! — ھاكىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قەددىنى راسلىدى.

— بۇغراخاندىن مەكتۇپ كەلتۈردۈم دەيدۇ، جانابىي ئالىيلىرى.

— ئېيت، كىرسۇن !...

ھاكىم چاپارمەن كەلتۈرگەن مەكتۇپنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئېچىپ، ئالدىراشلىق بىلەن كۆز يۈگۈرتتى ـ دە، ئەبۇ نەسر مۇھەممەدكە تىكىلدى:

— بۇ قىزىق ئىشقۇ، تەخسىر ! مەن ئوقۇي، سىز ئاڭلاڭ: «مەنكى قاراخانىيلار سەلتەنەتىنىڭ خاقانى بۇغراخان جانابىي ھاكىمغا بۇيرۇيمەن: مۇئەللىمى سانىي ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇغ ئەل - فارابىي ئەت - تۈركىي ھوزۇرۇمغا جۆنىتىلسۇن، بولمىسا قەلئەنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلىدۇ !» قانداق قىلىمىز ئەمدى، تەخسىر؟ !

ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ئورنىدىن يەڭگىل قوزغىلىپ، مىيىقىدا كۈلدى:

— نېمە قىلاتتىڭىز، خۇداغا شۈكۈر قىلىسىز - دە، ئەزىز دوستۇم ! خۇدانىڭ مۇشكۇلىڭىزنى ئاسانلاشتۇرغىنى شۇغۇ، ئاخىر ! قەدىمىي قەلئەيىڭىزگە تۆلەنگەن بەدەل كەمىنىدەك غېرىب بىر مۇساپىر بولسا، نېمە يامىنى بار؟ ئاددىيغىنا مىس چاقىنى تىللا باھاسىدا ئوتكۈزگىنىڭىزدىن سۆيۈنمەمسىز، ئەزىز بۇرادەر؟ ...

ھاكىم ئۇنىڭ كىنايىسىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمىدى ياكى ئۆزىنى چۈشەنمىگەنگە سېلىپ، مەۋقەسى ۋە پېشىغا ياراشمايدىغان ھالەتتە كۆچۈكلەندى:

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ تەخسىر، پەقەت جانابلىرىنى تۈزۈكرەك مېھمان قىلىپ ئۈلگۈرەلمەي ئارماندا قالدىم - دە ! ئەتىكى تويۇمنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنى ئۆزىڭىز بولار ئىدىڭىز. كۆرمەمسىز بۇ ئىشنى، كۈتۈلمىگەن تەلەپكار چىقىپ ! ... يەنە بىر قېتىمدا بىمالال قونىدىغان بولۇپ كېلىڭ، بولامدۇ، خاتىرجەم بىر سۆھبەتلىشەيلى ... !

كاشكى، بۇ گەپلەرنى قۇلاقلىرى ئاڭلىمىسا، گاس بولسا ! كاشكى بۇ كۆزلەر كور بولسا ھەم كۆرمىسەڭ، ھەم كۆيمىسەڭ ! باياتىنلا «پۈتۈن ئۇلۇسنىڭ مەركىزى ئۆزۈم مەن !» دەپ دەۋا قىلىۋاتقان مانا بۇ گۇمراھ بەندەڭنى شۇ قەدەر ئەرزىمەس، كۆڭلى تار قىلىپ ياراتتىڭمۇ، خۇداۋەندە كەرىم؟ ! يەنە تېخى شۇ خۇي - پەيلى بىلەن پۈتۈن ئۇلۇسقا باش - قاش بولارمىش بۇ نادان ! ... ئۇزاققا سوزۇلغان ياسالما ۋە ساختا تەكەللۇپلار، ئۆتۈنۈش - ئۆزرىخاھلىقلاردىن كېيىن، ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ئۆزىنى يەنە قەدىمىي شاش قەلئەسىنىڭ كوچىلىرىدا، لېكىن بۇ قېتىم پىيادە ياكى سايىۋەنلىك مەپىدە ئەمەس، بەھەيۋەت تۆگىنىڭ قوش ئۆركىشى ئۈستىگە مەزمۇت قىلىپ ئورنىتىلغان تەختىراۋاننىڭ ئىچىدە كۆردى. ئورۇدىن چىقىپ، كوچىدا كېتىۋاتقان فارابىينىڭ خىياللىرى يەنە چېچىلدى: قېنى بۇ جاننىڭ ئارامى؟ ! قاياققا ئالدىرىماقتىسەن، ئەي نار تۆگە؟ قايغا ئالدىرىماقتىسەن، ئەي قەدىمىي شاش؟ «قاياققا ئالدىرىماقتىسەن، غوۋغالىق زامان؟ !» مېنى سالغىنىڭ تېشىدەك يەنە قاياققا ئاتماقچىسەن، ئەي ئالەمنىڭ ئىگىسى؟ ! بۇ قاراخانىيلار سەلتەنەتىنىڭ خاقانى بۇغراخان دېگىنى قۇتىرىغان ياۋا تۆگە بولسىچۇ مۇبادا؟

ئوترار دەرۋازىسىدىن تاشقىرىدىكى تۈزلەڭلىككە تىكىلگەن بىھېساب چېدىرلارنى ئارىلاپ بېرىپ، شاھانە ئاپپاق چېدىر ئالدىدا چۆككەن تۆگە، ھەتتا ئۇيقۇسىدىمۇ سەگەكلىكىنى يوقاتمايدىغان ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈردى. ئىچكىرىگە كىرىپ، چېدىر تۆرىدىكى تەخت ئۈستىدە سۆلەت - سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان، دەرھەقىقەت، تۆگىدەك بەھەيۋەت بۇغراخانغا قائىدىگە مۇۋاپىق تەزىمنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دادىل ۋە سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلدى: «قېنى بۇ ‹ئىسكەندەرى سانىي›، نە كارامەت كۆرسىتەركىن؟»

— مەن ئىسكەندەرى سانىي ئەمەسمەن ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئەمەسمەن ! ئۆز نامىم بار —

بۇغراخانىمەن ! پەقەت مېنى تۆگمەدەك بۇرنۇمدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلى خالىغان تەرەپكە يېتىلەيمەن، دېگەنلەر ئاۋارە بولىدۇ ! سەنمۇ بىھۇدە ئاۋارە بولما ! ئەگەر راستىلا زامان ئەللامىسى ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇغ ئەل ـ فارابىي ئەت ـ تۈركىي بولساڭ، خۇدانى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ، ھەق سۆزۈڭنى ئېيتقىنچۇ، «ئەلقىساسۇ مىنەلھەق» دېگەن گەپ توغرىمۇ؟ ! ئەگەر توغرا بولسا، قۇتەيبەدەك ياۋۇز باسقۇنچىلار دىنىنى دەستەك قىلىپ، بۇ ئۇلۇسنى قان قاقشىتىپ، بەختسىزلىك ئۈستىگە بەختسىزلىك كەلتۈرۈپ، قان تۆككەنلىرى ئۈچۈن ئاشۇ باسقۇنچىلاردىن ئىلگىرى بولسۇن، كېيىن بولسۇن، قىساس ئېلىشقا ھەققىمىز بارمۇ ـ يوقمۇ؟ ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا تەمبۇر چالىمەن ياكى تۆگىنىڭ بۇرنىغا قوڭغۇراق ئاسىمەن دەپ خام خىياللاردا بولما ! گەپنىڭ نەق يېرىنى ئېيت ! ...

بۇ چوپانلارغا خاس ساددىراق، لېكىن دىل قەرىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنىڭ تېگىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ 63 يىللىق، ياق، نەچچە مىڭ يىللىق تومۇرلىرىدىكى قېنى دولقۇنلاپ كەتكەندەك بولدى. بىردىنلا دىلى يۇمشاپ، كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن بىر نىدا ئويغىنىپ، بوغۇزىغا تاشتەك تىقىلدى. ئەمما، ئۇ ھېسسىياتىنى تىزگىنلەپ، ۋەزمىن ئاۋازدا تىلغا كىردى:

ـــ خاقانىم !... يۈز كەررە، مىڭ كەررە ھەقلىقسىز، خاقانىم ! پەقەت بۇ ئاجىز بەندىنىڭ بىر ئەندىشىسى باركى، جەھل ـ جاھالەت بىلەن چېگىلگەن تۈگۈنلەر جەھل ـ جاھالەت بىلەن ئەمەس، خۇددى سىزدەك غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن، لېكىن ھەرگىزمۇ قىلىچ، ھەتتا قەلەم ۋە ياكى تىل بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن يېشىلگەي ! ئەقىل ئاجىز قالغان جايدىلا ئاجىز بەندىنىڭ تىلى ئويناقلاپ، قولى قەلەم ۋە ياكى قىلىچ دەستىسىنى تۇتقاي. تىل بىلەن قەلەمنى ئادالەت خىزمىتىگە قويۇشنىڭ ئىختىيارىغۇ بەندىسىدە، لېكىن قىلىچ ئادالەت قورالى بولمىغاي، گەرچە ئۇ ئادالەت قىلىچى بولسىمۇ ! چۈنكى، ئادالەت مەنزىلى ئۆلۈم ئەمەس، تىرىكلىك ناخشىسىنى ئېيتماق، يەر يۈزىدە ئادالەتتىن سىرت، ئۆزۈڭنىڭ باتۇر ئەرلىكىڭنى بارچىنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمەكتۇر. ئەرلەرنىڭ قىدىرغان ئادالەت مەنزىلى ئەقىلدۇر !...

بۇغراخان ئېزىلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، زەرباب تونىنىڭ ئېتىكىنى ئەسەبىيلىك بىلەن سىلكىدى:

ـــ ئۇنداقتا ماڭا ئەقىل بەر، زامان ئەللامىسى !

ـــ بەجانىدىل، جانابىي ئالىيلىرى ! دېمىسىمۇ، پېقىردا ئەقىلدىن باشقا بېرىدىغان ھېچقانداق بايلىق يوقتۇر. مېنىڭ ئاجىز ئەقلىم يېتىپ بارغان بىر ئادالەت مەنزىلى شۇكى، زۇلۇمنى زۇلۇم بىلەن، زوراۋانلىقنى زوراۋانلىق بىلەن يېڭىپ، قاننى قان بىلەن يۇيۇپ بولمىغاي. «قانغا قان، جانغا جان» دېگەن گەپ جاھىلىيەت زامانلىرىنىڭ ئەقىدىسىدۇر. قان سۇ بىلەن يۇيۇلغاي. ئادەم بالىسىنىڭ ئۆمرى ـــ ئاقار سۇ. ھەرقانداق يامانلىق ئاقىۋەت ياخشىلىق ئالدىدا يېڭىلگەي. «ياخشىلىق قىل ـ دە، سۇغا سال، بېلىق بىلەر، بېلىق بىلمىسە، خەلق بىلەر». «يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن يەڭ»، «ئوڭ يۈزۈڭگە ئۇرغانغا سول يۈزۈڭنى تۇتۇپ بەر» دەپ ياشايدىغان باغرى كەڭلىكتە بىنەزىر بۇ ئۇلۇس ھەمىشە ياراتقاننىڭ پاناھى ۋە قوغدىشىدىكى ئۆز بەندىلىرىدۇر. خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈرلەر بولغايكى، مانا، ئىككى ئەسىردىن بۇيان ئۇنىڭ كالامۇللادەك بىقىياس تۆھپىسى كۆڭۈللىرىمىزنى مۇنەۋۋەر قىلماقتا ... !

— ئۇنداقتا، ئېيتقىنا، نېمىشقا بىزنىڭ يۇرت - ماكانىمىزنى خانىۋەيران قىلىشىدۇ؟ ئۇلارغا بۇ ھوقۇقنى كىم بەرگەن؟

فارابىينىڭ تېنى ئۆرتەندى، سۆڭەكلىرى خۇددى ئوتۇندەك كۆيگەندەك بىلىندى.

— ئويلاپ كۆرسىڭىز خاقانىم، بۇ زوراۋانلىقلارنى جاھالەت قىلىپچى ئەمەس، بەلكى پېقىرنىڭ ئۇستازلىرىدىن ئىمام بۇخارىي، ئىمام تېرمىزىي، مۇھەممەد خارەزمىي، ئەھمەد پەرغانىي، ئەھمەد مەرۋەزىي، ئاباس جەۋھەرىيلەرنىڭ ئۆتكۈر ئەقلى يەڭمىدىمۇ؟!

بۇغراخان تەختىگە قايتىدىن ئولتۇرۇۋېتىپ ئەبۇ نەسر مۇھەممەدكە تىكىلىپ قارىدى:

— سەن ئاۋۋال ھەقىقانىي سوئالىمغا جاۋاب بەر، زامانىمىزنىڭ ئەللامىسى. سېنىڭ ئاشۇ ئۇستازلىرىڭنىڭ نېمە كارامەت كۆرسەتكەنتى؟ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، قان تۆكۈشنى توختىتالىدىمۇ؟ ياق، جاۋابىنى ئۆزۈم بېرەي: سېنىڭ ئاشۇ ئۇستازلىرىڭ زومىگەرلەرگە يانتاياق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆگمىنىگە سۇ قۇيۇشتى. ئۇلار بىر توپ تۈزكورلار.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ نەپسى سىقىلدى، ئۇنىڭ نەپسىنىڭ سىقىلىشى باشقا ئىشتىن ئەمەس، بەلكى قىلىنىۋاتقان ئاھانەت ۋە بېشىغا يىغىۋاتقان مالامەتتىن ئىدى.

خاقانىم ئۆزلىرىگە كالتە پەملىك ياراشمىغاي، دۇنيادا بىلىم خەزىنىسىدىن ئارتۇق خەزىنە بولماس، باشقىلارغا تۆھمەت تېشىنى ئېتىش ... ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە چىقىپ دەسسەش بىلەن باراۋەردۇر. مېنىڭ ئاشۇ ئۇستازلىرىم ناھەقلىككە قارشى كۈرەش قىلغۇچىلاردۇر. ئەبۇ نەسر مۇھەممەد شۇنداق دېدى - دە، بىردىنلا ھوشيارلاشتى.

ئەبۇ نەسر مۇھەممەد يەنە جىمىپ قالدى. قاش قويمەن دەپ كۆز چىقىرىپ قويمىغاندىمەن - ھە؟ «كىم ئاشۇ ئادىل ھېكىم، كىم قارا باتۇر، كىم شەيتانى لەئىن؟ ... دېمەك، مەن تۆگىدەك بۇرنۇمدىن يىپ ئۆتكۈزۈشلىرىگە بوي بېرىپتىمەن - دە، سېنىڭچە؟ !» دەپ كۈتۈلمىگەن سوئال بېرىپ قالسىچۇ؟ بۇ بەختمۇ ياكى بەختسىزلىكمۇ؟ ھەرھالدا ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان تۆگىدەك بەھەيۋەت ئادەممۇ گەرچە كۆرۈنۈشىدىن بارچە تەخت ساھىبلىرىدەك مەنتىقىلىقمۇ ياكى مەنتىقىسىز ھۆكۈم چىقىرىشقا قادىر كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پىكىرنى پىكىرگە سېلىشتۇرۇپ، مەنتىقىي خۇلاسە چىقىرىشقا ئوقۇرى يۇقىرىراقمۇ، ياكى سەۋىيە باشقىمۇ، ئىشقىلىپ، بۇغراخان ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئەمەس، ئەكسىچە، جىمىپ قالغانلىقىدىن بىتاقەتلەندى:

— سۆزلە، ئەي، زامان ئەللامىسى، سۆزلەۋەر ! ئوچۇقىنى ئېيتسام، سېنىڭ ھەربىر سۆزۈڭ نار تۆگىنىڭ قىچىشقان يېرىنى قاشلىغاندەك پۈتۈن جىسمى - جېنىمدا ئاللىقانداق ھۇزۇر - ھالاۋەت ھېس قىلماقتىمەن. كەمىنىدىن زىغىرچە ھېيىقماي، ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي، كۆڭلۈڭدە نېمىلا بولسا، تىلىڭغا چىقىرىۋەر، تاكى ئىشلىتىلمەي بۇسلىشىپ كېتىۋاتقان مېڭىلەرنىڭ تارىخى ئېچىلسۇن !

بۇ شاھانە ئىلتىپات، باغرى كەڭلەرچە قىلىنغان رىغبەت فارابىيغا ئىلاھىي ياردەمدەك تەسىر قىلىپ، يېڭى نەپەس، يېڭى ئىلھامبەخش ئەتكەندەك بولدى.

— خاقانىم !— ئۆرتەنگەن ھالدا خىتاب قىلدى ئەبۇ نەسر مۇھەممەد، — سىزدەك ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر ھەق سۆزنىڭ قەدرىگە يەتكۈچى ھۆكۈمدارنىڭ نازۇك كۆڭلىگە ياقىدىغان سۆزنى قىلىپ تۇرغان

بولسام، دېمەك، ئەرەبىستاندا ئۆتكەن 40 يىللىق ئۆمرۈم زايە كەتمەپتۇ. باشتا ئېيتقان ئاشۇ بىر سۆزۈمگە قايتىپ، تەكرار ئېيتىمەن، خاقانىم: باغدادى لەتىپكە، مەككەئى مۇكەررەمە بىلەن مەدىنەئى مۇنەۋۋەرەگە دۈشمەن ئەمەس، دوست سۈپىتىدە — مۇھەممەديارۇ مۇھەممەددوست بولۇپ بېرىش، قىلىچ ئەمەس، قەلەم، تىل ۋە ئەقىل بىلەن بېرىش ياخشىراقتۇر!

— قايسى تىل بىلەن، زامان ئەللامىسى؟! قىسىلىپ - پۇكۇلۇپ، تىلىمىلىنىپ، ئۈستىگە تۈز سېپىلىپ، قاقلانغان بېلىقتەك قاقشالغا ئايلانغان ھازىرقى تۈركىي تىل بىلەنمۇ؟!

— كىنايىڭىزدا جان بار، ئەلۋەتتە. كەمىنىمۇ ئۆزۈمنىڭ 40 يىل جەريانىدا قەلەم تەۋرىتىپ، ئەقىل ئىشلىتىپ چەككەن چەكسىز زەخمەت - مۇشەققەتلىرىمنىڭ مەھسۇللىرىنى ئەرەب تىلىدا ئەمەس، تۈركىي تىلدا يازسام بولماسمىدى، دەپ كۆپ ئەپسۇس — نادامەتلەرنى چېكىمەن. بىلمىدىم، كەلگۈسى ئەۋلادلار مېنىڭ بۇ ئەپسۇس - نادامەتلىرىم، بۇ پۇشايمانلىرىمنى توغرا چۈشىنىپ، قوبۇل قىلارمىكىن - تاڭ؟ نە چارە، بولۇپمۇ كېيىنكى ئىككى ئەسىر مابەينىدىكى ئادەتكە ئاساسەن، ئەرەب تىلى — ئىلىم - پەن تىلى، پارسىي تىل — شېئىرىيەت تىلى، تۈركىي تىل — ھەرپ - زەرب تىلى سۈپىتىدە قارار تاپتى. شۇ سەۋەبلىك ئانا تىلىمىز كۆرپە - تۆشەك، ئۆي - جاي، نېرى بارسا، قىلىچ - قالقان ئەتراپىدا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا كۆپىنچە ھاللاردا ئەرەب بىلەن پارس ئەمەس، بىز ئۆزىمىز ئەيىبدارمىز. ئالىملىرىمىزنىڭ مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن قەدىمىي لاتىن، سانسكرىت ۋە باشقا تىللاردىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىلىم خەزىنىلىرىنى يەنىمۇ كۆپرەك رىيازەت چېكىپ تۈركىي تىلغىمۇ ئۆرۈشكە ئەقلى يەتمەي، تەييارغا ھەييار بولۇپ قېلىۋاتقانلىرى سەۋەب بۇنىڭغا! ناۋادا مېنىڭ ئۇستازلىرىمنى يامان ئاتلىق قىلىشقا سەرپلەنگەن كۈچۈم شۇ ئىشقا سەرپلەنگۈدەك بولسا، ئاجايىپ بەلەن ئىش بولغان بولاتتى. بىزنىڭ تىلىمىزنى شېئىرىيەت ۋە ئىلىم - پەن تىلىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئىختىيارىمۇ، ئەلھەمدۇلىللا، ئۆز ئىلكىمىزدىدۇر.

ئۆتكۈر قەلەم، تىل ۋە ئەقىل ساھىبلىرى ئۇلۇسنىڭ ھۆلى، تۈۋرۈكى، ئۆزلۈكىدۇر. ئۇ ھۆل بىلەن تىرىكدۇر...!

بۇغراخان ئۆز تەختىدە يەنە قەددىنى تىكلەپ ئولتۇردى. قامىتىنى كېرىپ، تۆگىنىڭ تاپىنىدەك مەزمۇت قوللىرىنى تەختىنىڭ يۆلەنچۈكىگە قاتتىق تىرىدى:

— بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن مېنىڭ باغداد خەلىپىسىنىڭ لەشكىرىنى يېڭىشى مۇقەررەر بولغان قوشۇنۇمنى تارمار كەلتۈردۈڭ، زامان ئەللامىسى! ئوچۇقىنى ئېيتسام، شاش قەلئەسىنى زەبت ئېتىپ، سامانىيلار ۋە غەزنەۋىيلەرنىڭ دۆلىتىنى ئىگىلەپ، باغدادقا قوشۇن تارتىش پىكرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتىم - دە، سەن ئېيتقان يول بىلەن مېڭىشقا نىيەت قىلدىم. كۆڭلۈڭدە نېمىلا ئىستىكىڭ، تىلىكىڭ، ئۆتۈنۈشۈڭ، تەكلىپىڭ، ھەتتاكى تەلىپىڭ بولسا، راستىنى ئېيت! مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە بۇ ئۇلۇسنىڭ جاھان ئايۋانىدا تېزرەك قەددىنى راسلاپ، پاراۋانلىققا ئېرىشىشىدىن ئۇلۇغراق تىلىكىم يوق، ئاخىر، زامان ئەللامىسى!

ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ يۈرىكى دولقۇنلىدى.

— خاقانىم! — خىتاب قىلدى ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ، — سىز ئىسكەندەرى سانىي

بولمىغىنىڭىزدەك، كەمىنىمۇ تىستىسروندەك ناتىق ئەمەسمەن. لېكىن، ئۇلۇسنىڭ پاراۋانلىقى خۇسۇسىدا سۆز بولغىنىدا، شۇ تاپتا تىستىسروننى يېرىم يولدا قالدۇرۇپ كېتىشكە ئۆزۈمدە مەجبۇرىيەت سەزمەكتىمەن. چۈنكى، بۇ ئۇلۇسنىڭ يەلكىسى ئاپتاپ، بېشى بەخت قۇشى، ئۆزى پاراۋانلىق كۆرۈشكە، بولۇپمۇ ھازىر ھەر جەھەتتىن موھتاج ھەم بۇنىڭغا لايىقتۇر! سىزدىن بەخت سوراپ تۇرغان ئۇلۇسقا بەخت بەرمەكچى بولسىڭىز، مەن سۆزلەي سىز ئاڭلاڭ!

كۆڭلۈمدىكى ئەڭ چوڭ ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، ئەگەر ھۆددىسىدىن چىقسىڭىز، ھېچقاچان ئەزىزنى خار قىلمىغايسىز! ئەنە شۇ چاغدا ئاللاتائالا سىزنىمۇ ئەزىز— مۇكەررەم قىلغاي! بۇخارايى شەرىپتە ئىسمائىل سامانىي ھەزرەتلىرىگە «دۇنيا تۇرغۇچە تۇرغاي» دەپ تىكلەنگەن ئاجايىپ بىر مەقبەرىنى كۆرۈپ لال بولۇپ قالدىم. لېكىن، بۇنداق مەقبەرىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش قىيىن ئىش ئەمەس. ئىسكەندەرى سانىي ۋە ياكى يەنە بىر نوشىرۋانى ئادىل بولۇشمۇ قىيىن ئەمەس! بىلىسىز، مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەۋلىياسى يوقتۇر. سىز بۇ ئۇلۇس تارىخىدىكى بىرىنچى ئەۋلىيا ھۆكۈمدار بولۇڭكى، تاكى كەلگۈسى ئەۋلادلار سىزنى «بۇغراخان» ياكى «قاراخان» دەپ ئەمەس، «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ تىلغا ئالسۇن!

— سىزنىڭچە، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلمىقىم كېرەك؟

— يەنە تەكرارلايمەن: بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئەزىزنى خار قىلماسلىقىڭىز كېرەك! ھەقتائالا ئەزىز - مۇكەررەم قىلىپ ياراتقان ئادەم بالىسىنى، جۈملىدىن، مۇھەممەدى مۇستاپادەك كامىل ئىنسانلىق ئەرشىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئەستايىدىل ئىنتىلىپ ياشاۋاتقان زەخمەتكەش ئەزىز - ئەۋلىيالارنى، پېقىر - ھەقىرلەرنى خارۇزار قىلماڭ! مەدەتكە زارلارغا مەدەت قولىڭىزنى سوزمىسىڭىزمۇ، ئۇلارنى خارلاشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ! يوقسۇللارنى بايلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە تاپشۇرۇپ قويماڭ! ئۇنتۇماڭكى، سەلتەنەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا سەدىقە سوراپ تۇرغان گادايىنىڭ بار - يوقلۇقى، ئاز - كۆپلۈكى بىلەن بەلگىلىنۇر ۋە يەنە ئۇنتۇماڭكى، ئۇلۇس دۆلەتنىڭ خىزمىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە، دۆلەت ئۇلۇسنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى ھەربىر ئىنساننى، جۈملىدىن، ئۇلۇسنىڭ دەردىنى ئۆز دەردى دەپ بىلگەن ئەزىز ئىنساننى ئۆز ھىمايىسىگە ئالمىقى كېرەكتۇر!

خاقانىم! ياراتقۇچى نەزەر قىلغان زەخمەتكەش ۋە جاپاكەش بەندىلەرنىڭ ئەڭ پېقىرلىرى قەلەم ئەھلى بولۇر. خۇدامۇ «سەندىن ھەرىكەت، مەندىن بەرىكەت» دېگەن، ئەگەر سىز ھامىي ھۆكۈمدار سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلسىڭىز، ياراتقۇچىنىڭ بەرىكىتى بىلەن بۇ ئەزىز — مۇقەددەس تۇپراقتا، ئەنە ئاۋۇ بالاساغۇن، يەسسى، يۈكنەك، ئوترار، سەريام، ھىراتۇ بەلخ، مانا بۇ شاش، باشقا قەلئە، كەنت ۋە شەھەرلىرىمىزدە، ھەتتاكى بىھېساب قىشلاقلىرىمىزدا شۇنداق شائىرۇناسىرلار يېتىشىپ چىققايكى، ئۇلار تۈركىي سۆز كۆركى ۋە تۈركىي ئۇلۇسنىڭ قەددى - كامالىنى جاھانغا كۆز - كۆز قىلغاي!

لېكىن، شۇنداق بىر ئادەتىي ھەقىقەتنى ئۇنتۇماڭكى، ئۇلۇس ئېيتار: «گادايىنىڭ دۈشمىنى گاداي بولۇر». مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، قەلەمكەشنىڭ دۈشمىنىمۇ قەلەمكەشتۇر. سىز مۇھەممەديارلار بىلەن مۇھەممەددوستلارنى مۇھەممەدنىڭ دۈشمەنلىرىگە يەم قىلىپ، قوينىڭ تەقدىرىنى بۆرىگە تاپشۇرۇپ قويماڭ. ئەكسىچە، قىلىچتىن ئۆتكۈررەك قەلەمدە قىلىچتىن ئۆتكۈررەك سۆزنى يېزىۋاتقان ياخشى سۆزنىڭ گادايلىرىغا ئۆزىڭىز پاناھ، ھامىي، باش بولۇڭ. ئەنە شۇ چاغدا خۇدانى ياد ئېتىپ، پېشانىسى

پارقىرىغان گادايلار مەلىكۇل كالام بولغاي. بۇ گادايلارنىڭ دۈشمىنى بولغان ماڭلىيى قارا گادايلار بولسا، تاشلىرىنى تەرگەي. خۇدا بەرگەن نان ـ نېسىۋىلىرىنى ئۆزگە كوچىلاردىن قىدىرىپ، دانا زاتلارنىڭ ئەتراپلىرىدا پاشىدەك غىڭشىۋەرمەي، ئۇلارنى تىنچ قويغاي. ئاگاھلاندۇرۇش بۇرچۇمكى، بۇ ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش، خاقانىم! ئاددىيسى، مىسنى ساپ ئالتۇندىن پەرقلەندۇرۇشتىنمۇ مىڭ ھەسسە مۇشكۇلراق ئىش! مانا شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىسىڭىز ــ ياراتقۇچى ئەزىز قىلغان ئەۋلىيا زاتلارنى بالا ـ قازالاردىن ئاسراپ ـ ئاۋايلىيالىسىڭىز، ئەنە شۇ چاغدا ئۆزىڭىزمۇ كەم ـ كوتىسىز ئەۋلىيا ئاتا بولۇشىڭىز مۇقەررەردۇر. كۆڭلۈمدىكى چىن سۆزۈمنى ئېيتىشىمنى تەلەپ قىلدىڭىز. ئەڭ ئېچكى ئۆتۈنۈشۈم، ئىلتىجايىمنىمۇ ئوچۇق ئېيتاي: ئەۋلىيا ئاتىنىڭ ئۆكۈزىدەك بېشىنى يېرىپ، كۆزىنى چىقىرىشتىن ساقلىنىڭ!

ئەگەر قەلەم ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇلسا، ئىنشائاللا، تىلمۇ راۋان بولغاي! بۇ يۇرتتىن شۇنداق تىل بىلىمدانلىرى يېتىشىپ چىققايكى، ئۇلار جاھان تىلشۇناسلىق پېنىنىڭ سەرچەشمىلىرىدە قەد كۆتۈرۈپ، پەقەت تۈركىيلا ئەمەس، ھەتتا ئەرەبىي ۋە پارسىي تىلنىڭ قۇدرىتىنىمۇ جاھانغا كۆز ـ كۆز قىلىپ تۇرغاي... ئەپسۇسكى، تۈركىي ئۇلۇسنىڭ تىلىدەك مۆجىزىنى چۈشىنىپ يېتىشكە كەمىنىنىڭ ئەقلى ئاجىز بولسا كېرەك. كۆپلىگەن تىللارنى ئۆگىنىپ، ئۆز ئانا تىلىمىنىڭ بىنەزىر كۆركىنى يېتەرلىك ئىدراك قىلالمىغىنىم بۇنىڭ دالالىتىدۇر. قارىغاندا، ئانا تىلىمىزنىڭ تۈگۈنىنى يېشىش ھەر جەھەتتىن ئاقىلراق ئۈچىنچى مۇئەللىملەرنىڭ زىممىسىدە بولسا كېرەك. ئەگەر تۈركىي تىلىمىزنىڭ بارلىق تۈگۈنلىرى، چىگىچلىكلىرى يېشىلسە، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئەقىللەرنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك بىقىياس قۇدرىتىنى ئەنە شۇ چاغدا كۆرىسىز! «كېلىنىنى كەلگەندە كۆر، تويلۇقنى يايغاندا كۆر.» بۇ شۇنداق تويلۇقى بار كېلىنكى، جاھاننىڭ نى ـ نى خەزىنىلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەي قالىدۇ.

خاقانىم! سۇنغان قەلەم قايتا ئۆتكۈرلەشەر. تۈگۈلگەن تىل قايتا ئېچىلار. لېكىن، ياراتقۇچى ئادەم بالىسىغا مىننەتسىز بەخش ئەتكەن مۆجىزىلەرنىڭ مۆجىزىسى ــ ئالماستەك قىرلىق ئەقىل گاللاشسا ئۇنى قايتا ئۆتكۈرلەش ... بەكمۇ، بەكمۇ مۇشكۇل ئىش، خاقانىم! شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا قەلەمكەش كۆپتۇر، تىلشۇناس كۆپتۇر، لېكىن ئەقلى ئۆتكۈر مۇتەپەككۇرلار ھەمىشە ئىنتايىن كەمچىل بولغاندۇر... ھەرقانداق ئۇلۇس ئالدى بىلەن تۇتامغا چىقىدىغان مەنتىقلىق پىكىر بىلەن تىرىكتۇر. مەنتىقلىق پىكرى يوق ئۇلۇس ئۇلۇس ئەمەس، ھەتتا رەئىيەتمۇ ئەمەس، ئادەتتىكى ئالمانىدۇر، خاقانىم! ئۇلۇس ئەمەس، ھەتتا قۇشقاچىنىڭمۇ ئۆز مەنتىقى بار ۋە ئېھتىمال، ئۇلاردىكى مەنتىق كۈچى ئىنسانىيەتنىڭ مەنتىق كۈچىدىنمۇ ئۆتكۈررەكتۇر. سۆز سەنئىتىنىڭ گۈل تاجى ــ ھېكمەتلىك بېيىت بىلەن داستان؛ سۆزسىز سەنئەتلەرنىڭ گۈل تاجى ــ مۇزىكا بىلەن مېمارلىق؛ ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ گۈلتاجى ــ پەلسەپە بىلەن مەنتىقتۇر. ئىلاھىم، شۇ گۈل تاجلار ئۇلۇسىڭىزمۇ، سىزنىڭمۇ بېشىڭىزدا تاج بولغاي!

ئانھەزرەت! دىلىمدا باغداد خەلىپىلىرىگە چىش يېرىپ ئېيتمىغان، ئېيتالمىغان، جۈملىدىن، ئېيتىشنى خالىمىغان سۆزلىرىم بېھېسابتۇر. بۇ سۆزلەرنى كەمىنە نەق يېرىم ئەسىر جەريانىدا ئىزچىل يىغىپ ـ تېرىپ، ھېلى سانسكرىت، ھېلى لاتىن، ھېلى ئەرەب، ھېلى باشقا بىر تىلدىن ئېلىپ، يۇيۇپ ـ

تاراپ، ئىلغاپ ـ سايلاپ، دىل گۆھىرى ۋە ئەقىل جەۋھىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىزچىل ئىنتىلىپ ياشىدىم. ئۇلارنى ئەرەب تىلىدىكى رىسالە ۋە شەرھىلىرىمگە كۆڭۈلدىكىدەك سىغدۇرالمىدىم. ئەمدى خۇدا ئۆمۈر بەرسە، 50 يىل جەملىگەن پىكىرىمنىڭ قايمىقىنى ئانا تىلىمدا يارىتىپ، «ئالپامىش» بىلەن «گور ئوغلى»دەك بىر داستانغا تۆكسەم دېگەن ئارزۇيۇم بار ! ... نە چارە، دەرد بارۇ، دەرمان يوق. ئۆزۈمنى شۇنچە دەرمانسىزلاندۇرغىنىم كەمدەك، ئەمدى سىزنىڭمۇ چىللىغىڭىزنى قورۇتمىغىنىم لايىق، دېگەن ئەندىشىدە سۆزۈمنى قىسقا قىلماقچىمەن. ھەرھالدا، زۇلۇم ـ زوراۋانلىق قىلىچىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلۇسنى بىر پۈتۈن خەلق — كەم ـ كوتىسىز ئۇلۇسقا ئايلاندۇرۇشقا قادىر كۈچ ئۆتكۈر قورال — قەلەم، تىل ۋە ئەقىلنى ئىشلىتىش يوللىرى خۇسۇسىدىكى ئۆز خۇلاسىلىرىمنى ئېنىق ـ تىنىق يورۇتۇشقا ئۇرۇندۇم. ئاجىز بەندىنىڭ ئەقلى يەتكەن شۇ ھەق سۆزلەر روياپقا چىقسا، ئىنشائاللا، كەمىنە ئارزۇ قىلغان كامىل ئىنسانلار ياشىغۇچى پازىل شەھەرلەردىن ئىبارەت يېتۈك ئۇلۇس بۇ زېمىندا مۇستەھكەم قارار تاپقاي ۋە ھەمىشە بەرقارار بولغاي !

ئاھ، خاقانىم، خاقانىم ! پېقىرنىڭ نەقەدەر بۈيۈك ئارزۇلىرى بارلىقىنى بىلسىڭىز ئىدى ! ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، ئۈمىدىم، ئىستىكىم، تىلىكىم، ئىشەنچىم شۇكى، قاچانلاردۇر بۇ مۇقەددەس زېمىندا شۇنداق بىر جەمئىيەت بەرپا قىلغايكى، ئۇنىڭدا ئادەم بالىسى ئادەم بالىسىنى، مىللەت مىللەتنى، ئۇلۇس ئۇلۇسنى يەكلەپ، چەكلەپ، خار ـ زار قىلىپ، ناچار ئەھۋالغا سالمىغاي، ھەتتا زىغىرچە بولسىمۇ كەمسىتىپ، نازۇك كۆڭۈللەرگە تېرىقچىمۇ ئازار يەتكۈزمىگەي ! بۇ جەمئىيەتتە، بۇ ئۇلۇستا، بۇ پازىل شەھەر ئەھلىدە دىلئازارلىق دېگەن بالا يوقىلىپ پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۈگىگەي. ئەقەللىيسى، ئادەم ئۆزىدەك بىر ئادەم بالىسىنىڭ كۆڭلىدە مالاللىق پەيدا قىلىش ئەمەس، ھەتتاكى چۈمۈلىدەك زەخمەتكەش ۋە بىئازار جانۋارلارغىمۇ ئازار بېرىلمىگەي. ئەنە شۇ چاغدا ئادەم بالىسى، مۇقەررەركى، ئۆزىنىڭ تىرىكلىكىدىن بىزار ئەمەس، كەم ـ كوتىسىز بەختىيار بولغاي !... يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ھودۇدتا جاھالەت، قاباھەت، زالالەت، نەپرەت، مالامەت ... دېگەندەك شەيتانىي ئىللەتلەر ئەمەس، مۇھەببەت، ھەيرەت، دىيانەت، ساخاۋەت، شەپقەت، ئادالەت، ئارىيەت ... دېگەندەك ھەممە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلاپ بېشىغا كۆتۈرگۈچى كامىل ئىنسانلاردىن ئىبارەت يېتۈك ئىنسانىيەت ھامان بىر كۈنى ئۆز ئورنىنى تاپقاي ! بىزنىڭ ئۇلۇسىمىز بولسا، بىر ـ بىرىدىن ئاتىسىنىڭ خۇنىنى سوراپ تۇرغان خۇنخورلار، كىمدىندۇر ئەلەم، ئۆچ، قىساس ئېلىشقا قاتتىق بېرىلگەن قىساسخورلار، ئۆزگىلەرنى رەنجىتىشتىن سۆيۈنىدىغان كۆڭلى قارا خۇداسىزلار، بىرى بىرىنىڭ كۈشەندىلىرى بولمىش قانخورلار، «مەن ! مەن !» دەپ نەپەس ئېلىپ، نەپەس چىقارغۇچى ئازغۇنلار ۋە بالايى نەپس بەندىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئالىمان ئەمەس، «ئېلىم، يۇرتۇم، خەلقىم !» دەپ يېنىپ ـ لاۋۇلداپ، كۆيۈپ ـ كۆيۈنۈپ ياشايدىغان پىدائىي زاتلارنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتۈك جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغاي. بۇ جەمئىيەت ۋە بۇ مۇقەددەس تۇپراق ئۆزئارا جاڭجال ـ نىزالار، تاج ـ تەخت تالاشلىرى، ئۇرۇش ـ قىرغىنلار ئۇچىقى ئەمەس، ئۇلۇسلار ئارا بىتىملەر، ئومۇم ئىنسانىي سۈلھىلەر، دوستانە مۇزاكىرىلەر، ئەبەدىي قېرىنداشلىق ئەھدىنامىلىرى ئىمزالىنىدىغان تىنچلىق ـ بەرقارارلىق، ئېجىل ـ ئىناقلىق، بەخت ـ سائادەت ۋە پاراۋانلىقنىڭ ئەبەدىي گۈلشىنى بولغاي ! بۇ بوستان سەھنىدە بەختى كۈلگەن يېتۈك نەسلىمىز سىز ۋە بىزدەك ئەجدادلىرىنى ئەلەم بىلەن

ئەمەس، مەمنۇنىيەت، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە پەخىر ـ ئىپتىخار تۇيغۇلىرى بىلەن يادقا ئالغاي! ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر!

بۇغراخان ئەبۇ نەسر مۇھەممەدنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يۈزىگە پاتىھە تارتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىپ، ئەللامىسىنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى:

— بۇ سەمىمىي تىلەكلىرىڭ، ئىستەكلىرىڭ، ئارزۇلىرىڭ، بۇ سەمىمىي دىل سۆزلىرىڭ ماڭا ناھايىتى ياقتى! ئۇلارنى ھەربىرىمىز قۇلاقلىرىمىزغا قوغۇشۇندەك قۇيۇپ، ئالتۇن ھالقىدەك تاقىۋالساقمۇ ئەرزىيدۇ. بۇ ياخشى نىيەتلەرگە، نېسىپ قىلسا، تەڭ يېتەرمىز! بىز يېتەلمىسەك، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز يېتەر! شۇ تاپتا كۆڭلۈم سۇ ئىچكەندەك روشەنلىشىپ تۇرۇپتۇ. ياخشىنىڭ شاراپىتى دېگەندەك، بۇ سېنىڭ شاراپىتىڭ، زامان ئەللامىسى. خوش، ئۆزۈڭنىڭ قانداق شەخسىي تىلىكىڭ بار؟ ئانا يۇرتتا قەدەم رەنجىدە قىلىشتىن مۇددىئايىڭ نېمە؟ بۇ ھەقتىمۇ بىرەر نېمە دېسەڭچۇ، ئەي پىدائىي زات؟!

ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ئۆزىنى بۇغراخاننىڭ كەڭرى باغرىدا ئېرىپ، سۇ بولۇپ ئاققاندەك سەزدى.

— خۇدا ھەققى، شۇ تاپتا كۆڭلۈمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، نىيىتىم، مۇددىئايىمغا تولۇق ئېرىشكەندەك بولۇۋاتىمەن. پېقىرنىڭ يەنە نېمە مۇددىئاسى بولسۇن!...

— ياق، قىسىنىپ ـ تارتىنما! تىلىكىڭنى تىلە! خۇداغا شۈكۈر، ساڭا ئېيتسام، شۇ تاپتا قولۇم باغداد خەلىپىسىنىڭ قولىدىن ئۇزۇنراقتۇر!...

— ئاخىرقى تىلىكىم شۇكى، ئەتە مانا بۇ ئوترار دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر بايرام ئۇيۇشتۇرۇلسا. شاش قەلئەسىنىڭ ھاكىمى باشلىق پۈتۈن شەھەر ئەھلى بۇ بايرامغا تەكلىپ قىلىنسا. ھاكىمنىڭ پەيغەمبەر يېشى بىلەن نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويى بايرامغا قوشۇلۇپ كەتسە. كۈزنىڭ بىرىنچى كۈندىكى بۇ بايرام «مېھرجان» دەپ ئاتالسا ھەم خۇددى نورۇزدەك ئومۇم خەلق بايرىمىغا ئايلىنىپ كەتسە!... شۇ سەۋەبلىك بۇ ئۇلۇستا ئۆزئارا ئۈچ ـ ئاداۋەت ئەمەس، مېھىر ـ ساخاۋەت، مېھىر ـ مۇرۇۋۋەت، مېھىر ـ مۇھەببەت، مېھىر ـ شەپقەت ھەمىشە يۇقىرى بولۇپ تۇرسا! ئاخىر، ياراتقۇچى مېھرىبان ۋە رەھىمدىلدۇر، پۇشتىپاناھ!..

— بەللى، ئەللامەئى زامان! دەل سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك بولۇر! يەنە نېمە تىلىكىڭ بار؟ ئۇلۇسقا ئەمەس، ئۆزۈڭگىلا باغلىق تىلىكىڭنى ئېيت! شۇ تاپتا ھىممىتىم قوزغىلىپ، سېخىيلىقىم تۇتۇپ تۇرۇپتۇ!

— ئۆزۈمگىلا باغلىق تىلىكىم؟.. جانابىي ئالىيلىرى! كەمىنە كېيىنكى 43 يىلدا ئۈچ ئوغۇلغا ئاتا بوپتىمەن. 20 يېشىمدا كۆرگەن تۇنجى ئوغلۇمنى «نەسرىددىن» دەپ ئاتىدىم. ئۆمرى قىسقا ئىكەن، تۇرمىدى. 32 يېشىمدا كۆرگەن ئوتتۇرانچىسىنىمۇ «نەسرىددىن» دەپ ئاتىدىم، ئۆتۈپ كەتكەن جاھىللىقىم ياراتقۇچىغا ياقمىدىمۇ قانداق، بۇ ئوغلۇممۇ كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ دەرگاھىغا باردى. 44 يېشىمدا ئۈچىنچى ئوغلۇمغا ئاتا بولدۇم. «خەير، ‹مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم› دېگەنىكەن، ئەمدى نېسىپ قىلسا، مۇشۇ ئوغلۇم «دۇنيا تۇرغۇچە تۇرغاي» دېگەن تىلەك بىلەن يەنە «نەسرىددىن» دەپ ئات قويدۇم. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ 19 ياشقا تولۇپ، 20 گە كىردى. مۇشۇ ئوغلۇمدىن ئۈمىدىم كاتتا، خاقانىم! تىلەيمەنكى، ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپسا، ئوغلۇم ئاتا ماكاندا يىلتىز تارتىپ، پىلەك سوزسا! بۈگۈنكى كۈندە خۇدادىن يالۋۇرۇپ سورايدىغان ئەڭ شەخسىي تىلىكىم شۇ!

— ئىنشائاللا، تىلىكىڭ ئىجابەت بولغاي، زامان ئەللامىسى! نېسىپ قىلسا، شۇ ئوغلۇڭنى ئۆزىمىز كۆيۈ ئوغۇل قىلىۋالغايمىز ۋە ئوغۇلدىن ئارتۇقراق سىلىغايمىز. كۆيۈ ئوغۇلنى پەيغەمبىرىمىز سىلىغان يەردە بىز ئۇممەتلىرىمۇ سىلىساق، ئۇيلايمەنكى، بۇ ئىشىمىز ياراتقۇچىغا خۇش كەلگەي! قانداق دەيسەن؟

— قۇللۇق، خاقانىم! جۇملىدىن، شۇ ئەقىل يەتمەس ئىلتىپاتلىرىدىن، خۇدا ھەققى، بېشىم ئاسمانغا يەتتى! ئىلاھىم، گەپلىرىڭىزگە پەرىشتىلەر ئامىن دېگەن بولسۇن. ئەگەر كىچىككىنە ئەقلى ۋە يالغۇز ئوغلىدىن باشقا ھېچقانداق ۋەجى يوق بۇ پېقىرنى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ قۇدا دەپ بىلسىڭىزلا...

— بۇ تەرىپىڭنىڭ تەشۋىشىنى قىلما، زامان ئەللامىسى! زەر قەدرىنى زەرگەر بىلۇر: زەرنى مىس دېگەن بىلەن ئۇ مىسقا ئايلىنىپ قالماس! ئاخىر، ئەزىزنى خار قىلماي، مۇناسىپ قەدىرلەش، شۇ يولدا مېڭىپ، «ئەۋلىيا ئاتا» بولۇشقا دەۋەت قىلغان ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟... يەنە نېمە تىلىكىڭ بار، زامان ئەللامىسى؟

— تامام ۋەسسالام، باشقا ھېچقانداق تىلىكىم يوقتۇر. پەقەت ئەمدى بىرەر ئاي ئوغلۇم ۋە شاگىرتىم بىلەن ئانا يۇرتنى زىيارەت قىلسام، ئاندىن كېيىن، باغدادقا قايتسام...

— باغدادقا قايتسام؟!... چۈشەنمىدىم؟!

— خاقانىم! ئەرەبىستاندا 40 يىل ئىلىم ئىزدىمەكتىن مۇددىئايىم ئەقىل بەيگىسىدە ئۆزۈپ چىقىش ۋە ياكى تاپقان - تۇتقىنىمنى ئاشۇ تەرەپلەردە قالدۇرۇپ كېتىش ئەمەس، يوروق كۆڭلەردىن بىرىدە ئۇلارنى ئانا يۇرتقا ئېلىپ كېلىش ئىدى. ئەمدى بولسىمۇ قايتۇرۇپ كەلسەم، كەمىنىنىڭ تاپقان - تۇتقان ئىلىم خەزىنىسى ئۇلۇسنىڭ بىرەر ئىشىغا ياراپ، يىرتىقىغا ياماق، كېزىكىگە دورا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

— بەللى، زامان ئەللامىسى! بۇ سۆزۈڭ بىلەن مېنىڭ ئاجىز ئەقلىمنى يەنە بىر ھەسسە قاتتىق چاقلىغاندەك بولدۇڭ!... قېنى، ئەمدى چېدىردا بېكىنىپ ئولتۇرىۋەرمەي تاشقىرىغا چىقىپ، بىپايان دەشتىمىزنىڭ ھاۋاسىدىن قېنىپ نەپەس ئالايلى، قانداق دەيسەن؟ دۇنيا پاني، بىراق كەڭگە كەڭ!

— بەجاندىل، خاقانىم، بەجاندىل! قېنى، ئۆزلىرى يول باشلىسۇن!

ئۇلار تاشقىرىغا چىقىپ، قولتۇقلاشقانچە بىللە قەدەملەر بېسىپ كېتىۋاتاتتى، ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد بىپايان ئاسمانغا — چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئەڭ يوروق يۇلتۇزلار — ئالتۇن قوزۇق ۋە چولپانغا كۆز تىكىپ، يەنە بىر قېتىم يۈرىكى دولقۇنلاپ خىتاب قىلدى:

— ئاسمان خۇددى سۇدا يۇيۇلغان شېشىدەك!... ئەتىمىز يوروق بولىدۇ، خاقانىم!

بۇغراخان ئەبۇ نەسىر مۇھەممەدنىڭ ئاخىرقى سۆزىگە «ئەرزىمەس» بىر تۈزىتىش كىرگۈزدى:

— ياق، ئەتىمىز ئەمەس بۈگۈنىمىز، ئەزىز دوستۇم! ئەنە، تاڭ يۇلتۇزى!...

(ئاپتورنىڭ 2006 - يىلى نەشر قىلىنغان «زامانە زەيلى» ناملىق كىتابىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان)

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

تاھىر قاھار (ئۆزبېكىستان)

# ئەھمەد يەسسەۋىي

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **دىلئارام باھاۋىدىن**

ئەھمەد يەسسەۋىي — پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ بۈيۈك شائىرى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئالىملار مۇنداق ئىزاھلىدى: ئۇ زات تۈرك - ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى تەسەۋۋۇپچى. ئۇ ئۆزىگە مەخسۇس بىر پەلسەپىۋى ئۇقۇم ياراتقۇچى شائىر سۈپىتىدە شۆھرەت تاپتى. ھەممىگە مەلۇمكى، يەسسى — تۈرلۈك دەۋرلەردە تۈرلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەركىزى بولغان. مىلادىيەدىن ئاۋۋال بولسا ھۇنلارنىڭ جاھانگىر شاھى يەنى دۇنيا ئىلمىدە ئوغۇزخان دەپ ئاتالغان باتۇر تەڭرىقۇت دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان. دېمەك، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شۆھرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئالدى بولۇپ كەلگەن يەسسىدە بۈيۈك شائىر ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

يەسسى ئۆز ۋاقتىدا مەشھۇر شەھەر ئىدى، ئەھمەد يەسسەۋىي ئۆز نام - شەرىپى بىلەن بۇ شەھەرنى دۇنياغا تېخىمۇ تونۇتتى، ئەلۋەتتە. بۇ زاتنىڭ كىملىكى، ھاياتى ھەركىمنى قىزىقتۇرىدۇ. ف . كۆپرىلىزادىنىڭ يېزىشىچە، ئەھمەد يەسسەۋىي ئاقسۇدىن 176 چاقىرىم يىراقلىقتىكى سايرام تەۋەسىدە تۇغۇلغان، شائىرنىڭ ئۇستازى ئارسلان بابا شۇ دەۋردىن باشلاپ ئەھمەدنىڭ مەنىۋى تەربىيەسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان.

ئەھمەدنىڭ ئاتىسى شەيخ ئىبراھىم (ئىلياس بابا — ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ چوڭ ئاتىسى، شەيخ ئىبراھىم بولسا ئاتىسى. ئەھمەدنىڭ ئانىسى — ئايشە خاتۇن بولسا مۇسا شەيخنىڭ قىزى.) سايرامنىڭ چوڭ ماشايىخلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئۆز خەلقلىرىدىن بىرى، يەنى مۇسا شەيخنىڭ قىزى ئايشەگە ئۆيلەندى، ئۇلار ئىككى بالىلىق بولدى، چوڭى قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا گەۋھەرى شاھناز دەپ ئىسىم قويدى، كېيىن ئەھمەد تۇغۇلدى. ئەھمەد يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى ۋاپات بولدى. تەزكىرىلەردە ئەھمەدنىڭ كېيىن غوجا دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق سۆزلىنىدۇ:

ئاشۇ دەۋردە سايرام ئاھالىسى ئۈچ ئۇرۇق، ئۈچ سىنىپقا بۆلۈنگەن. بىرىنچىسى، نىسبەتەن چوڭ شاھلارغا بېرىپ تاقالغۇچى «شاھ» ئۇرۇقى؛ ئىككىنچىسى، ئەمىر ۋە مىرزىلارغا باغلىق «ئەمىر» ئۇرۇقى؛ ئۈچىنچىسى، ئەجدادلىرىنى ھەزرەت ئەلىگە باغلايدىغان «غوجا» ئۇرۇقى. غوجا ئۇرۇقى تەبىئىي ھالدا باشقا ئۇرۇقلاردىن شەرەپلىك بولغان. غوجىلار ئۆزلىرىنى ئىمام مۇھەممەد ھەنەفىي ئەۋلادلىرىدىن دەپ ھېسابلىغان (موللا مۇسا بىننى موللا ئىسا سايرامىينىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» سىدە بۇ ھەقتە كەڭ

توختالغان).

ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ئەھمەد ئانىسى ۋە ئاپىسى بىلەن يەسسىگە كەلگەن، تۆۋەندە غوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تەزكىرىسى ۋە ھايات تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى، تەزكىرىلەردە ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ باشقا بىر مەنىۋى ئاتىغا ئېرىشكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

شەيخ ئارسلان بابا ھەزرەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەنىۋى ئىشارەتلىرى بىلەن ئەھمەدنى ئىزدەپ سايرامغا كەلگەن ۋە ئۇنى تاپقان. بۇ رىۋايەت مۇنداق باشلىنىدۇ:

ھەزرەت پەيغەمبەرگە ئەھمەد ئىسىملىك ئۇممەتىنىڭ تۇغۇلۇشى ئالدىن مەلۇم بولغان (بەزى مەنبەلەردە 400 يىل، بەزىلىرىدە 700 يىل ئاۋۋال دەپ كۆرسىتىلگەن). رىۋايەتتە، ھەزرەت پەيغەمبىرىمىز ئەسھابى ئىكرام بىلەن بىر جايغا بارغاندا ئاچ قېلىشىدۇ. رەسۇلىللا دۇئاسى بىلەن ھەزرەت جەبرائىل جەننەتتىن بىر تاۋاق خورما كەلتۈرۈۋاتقاندا خورمىلارنىڭ بىر دانىسى يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەھىسسالام:

— بۇ خورما سىزنىڭ ئۇممىتىڭىزدىن ئەھمەد يەسسەۋىي ئاتلىق بىرىنىڭ قىسمىتىدۇر، — دەيدۇ.

ھەر ئامانەتنىڭ ئىگىسىگە بېرىلىشى تەبىئىي بولغىنى ئۈچۈن ھەزرەت پەيغەمبەر ساھابىلىرىگە ئۇلاردىن بىرىنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچبىرى جاۋاب بەرمەيدۇ. پەقەت ئارسلان بابا ئاللا ئەلچىسىنىڭ ئىنايىتى بىلەن بۇ ئىشنى ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، شۇئان ئاشۇ بىر دانە خورما ئۈستىدە بىر پەردە پەيدا بولىدۇ. ھەزرەت پەيغەمبەر ئارسلان باباغا سۇلتان ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى تەربىيەلەشنى ئەمر قىلىدۇ (بۇ رىۋايەتنى كۆپرىلىزادە سەئىد ھەسەن غوجا نەقىبۇل شەرەپ بۇخاتىيەنىڭ «مەزەكىرى ئەھباب» ئەسىرىنىڭ قول يازمىسىدىن ئالغان).

ئارسلان بابا ئەھمەد يەتتە ياش ۋاقتىدا سايرامغا («يەسسىگە»مۇ دېيىلىدۇ) كەلگەن. ئۇ يىراقتىن مەكتەپتىن قايتىۋاتقان ئەھمەدنى كۆرۈپ، ئۇنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا سالام بېرىدۇ. ئەھمەد جاۋاب قايتۇرۇپ «ئامانەت»نى سورايدۇ. شۇندا ئارسلان بابا ئۇنىڭ ۋەلىيلىكىگە، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، ئەھمەد يەتتە ياش چېغىدىلا ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، چوڭقۇر مەنىۋى تەربىيە كۆرگەن. ئارسلان بابا ئۇنى بىر يىل جەريانىدا تېخىمۇ يۇكسەك ماقامغا يەتكۈزۈپ تەربىيەلىگەن، كېيىن ۋاپات بولغان (يەسسەۋىيلىك شائىرلاردىن بىرى، ئارسلان بابا ھەزرەت پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇزۇن زامانلار مەئمۇر بولدى، دەپ يازىدۇ. بەلكىم ئارسلان بابانىڭ ئۇزاق ياشىغىنى شائىرانە بىر گەپتۇر). يەسسەۋىي «دىۋانى ھېكمەت»تە ئارسلان بابانىڭ ئۆلۈمىنىڭ كاتتا ئۇزىغانلىقىنى، ھۆر - پەرىلەرنىڭ يىپەك توندىن كېپەن تەييارلىغانلىقىنى، 70 مىڭ مالائىك ئۇنى يىغا - زار قىلىپ جەننەتكە كۆتۈرۈپ بارغانلىقىنى ئىنتايىن گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

غوجا ئەھمەد يەسسىدە مۇدەررىسلىك بىلەن مەشغۇل بولغان، ئەتراپىدا مۇرىتلار بارغانسېرى كۆپەيگەن (يېزىلىشىچە، غوجا ئەھمەدنىڭ 99 مىڭ مۇرىتى بولغان). ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن تۈركىستان، ماۋەرائۇننەھر، خارەزم، خوراسان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئۇ مۇرىتلىرىغا زاھىر ۋە باتىن ئىلىملىرىنى ئۆگەتكەن. قالغان ۋاقىتتا تائەت - ئىبادەت قىلغان. بوش ۋاقىتلىرىدا قوشۇق ياساپ سېتىپ كۈن كەچۈرگەن.

«دىۋانى ھېكمەت»تە يېزىلىشىچە، غوجا ئەھمەد 26 يېشىدا سەۋداغا مۇپتىلا بولغان. خۇددى مەنسۇر ھەللاجىدەك دىدار ئۈچۈن دەردلەرگە مۇپتىلا بولغان. ئۇ «زاتى ئاۋۋال غوجامەن، ساڭا سېغىنىپ كەلدىم» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا ئۇستازى يۈسۈف ھەمەدانىي بىلەن 27 ياشقا كىرگەندە ئۇچراشقىنىنى بايان قىلىدۇ. يۈسۈف ھەمەدانىي يەسسەۋىينىڭ ئۇستازى بولغىنى ھەققىدە پارسچە بىر شېئىرمۇ بار.

تۆۋەندە ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تۇغۇلغان يىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مەنبە بولىدىغان بەزى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇرمەن. يۈسۈف ھەمەدانىينىڭ ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال باغداد، ئىسفاھاندا، كېيىن بۇخارا، سەمەرقەند شەھەرلىرىدە بولغىنى، شۇ چاغدا 18 ياشتا ئىكەنلىكى بىر كىتابتا يېزىلغان. باشقا بىر مەنبەدە بولسا، غوجا يۈسۈف ھىجرىيە 510 ـ يىلىدا باغداتتا بولغىنى، سالجۇق ۋەزىرى نىزامۇل مۇلك قۇردۇرغان مەشھۇر نىزامىيە مەدرىسىسىدە ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئوقۇغىنى ئېيتىلغان.

يۈسۈف ھەمەدانىينىڭ تۆت شاگىرتى ــ غوجا ئابدۇللا بەرقىي (ھىجرىيە 555 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، غوجا ھەسەن ئەنداقىي (ھىجرىيە 446 ــ 552)، ئەھمەد يەسسەۋىي ۋە غوجا ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ئىدى. بۇ تۆتىسىنىڭ ئىچىدە ئەھمەد يەسسەۋىي بىلەن غوجا ئابدۇخالىق غىجدۇۋانىي ئىنتايىن شۆھرەت قازانغان. ھىجرىيە 552 ـ يىلىدا غوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ئۇستازى يۈسۈف ھەمەدانىيدىن ۋە بەرقىيدىن، ئاخىرىدا ئەنداقىيدىن قالغان بۇخارادىكى مۇقەددەس خانىقادا رەئىس بولغان. لېكىن، ئاز ۋاقىت ئۆتۈپلا ھەممە مۇرىتلىرىنى ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىيغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى تۈركىستانغا، يەنى يەسسىگە كەلگەن. كۆپلىگەن تەرجىمە قىلىنغان كىتابلاردا ئەھمەد يەسسەۋىي ھىجرىيە 562 ـ يىلى ۋاپات بولغان دەپ كۆرسىتىلگەن.

دېمەك، ئۇ يەسسىدە 10 يىل ياشاپ ۋاپات بولغان. ئەمما، ئۇنىڭ بىر شېئىرىدا «ئول سەۋەبتىن 63 تە يەرگە كىردىم» دېگىنى ئۆلدۈم دېگىنى ئەمەس، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتكىنىنى بىلدۈرىدۇ. غوجا ئەھمەد بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ ھەر ۋاقىت پەيغەمبەر سۈننىتىنى بېجىرگەن. ھەزرەت پەيغەمبەر 63 يېشىدا بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادىن كەتكىنى ئۈچۈن ئەھمەد يەسسەۋىيمۇ شۇ ياشقا كىرگەندە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەن. خانىقانىڭ بىر تەرىپىدە بىر جاي قېزىلىپ، يەر ئاستىغا بىر ھۇجرا سېلىنغان، ھۇجرىدا لەھەت شەكلىدە بىر جاي ياسالغان. بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەھمەد يەسسەۋىي ئاشۇ لەھەتلىك ھۇجرىدا 120 يىل ياشىغان، باشقا بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە 125 يىل ياشىغان، يەنە بىرىدە كۆرسىتىلىشىچە 133 ياشقا كىرگۈچە ياشىغان، ئۇ ئۆمرىنى ئاشۇ ھۇجرىدا رىيازەت ۋە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن.

بىر كىتابتا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ شەيخ نەجمىددىن كۇپرا بىلەن زامانداش بولغىنى ئېيتىلىدۇ، كۇپرانىڭ ھىجرىيە 618 ـ يىلىدا ۋاپات بولغىنىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئەگەر ئەھمەد يەسسەۋىينى ھىجرىيە 499 ـ يىلى تۇغۇلغان دېسەك، يۇقىرىقى رىۋايەتلەردە ئاساس بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

«دىۋانى ھېكمەت» ئەنە شۇ ئىبادەت قىلىدىغان ھۇجرىدا يېزىلغان. ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ 99 مۇرىتى شۇ ھۇجرىدا ئۇنىڭدىن روھانىي ساۋاقلارنى ئالغان. يەسسەۋىي ئۇلارغا دىنىي ئەنئەنىلەرنى، سۇلۇكى ھەقايىقى سۇفىيانەنى، ئەتىۋارلۇ ئادابنى، ئىچكى ۋە تاشقى ئەخلاقلارنى ئۆگەتكەن. «تاشقى دۇنيا»دىكى ــ ئەرەب ۋە پارس تىلىنى بىلمەيدىغان دىنداشلىرىنى ئويلاپ، ساپ تۈرك تىلىدا ھېكمەتلەر يازغان ۋە ئۇلارغا شۇ ھېكمەتلەر ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلغان.

تۆۋەندە يەسسەۋىينىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە توختىلىمىز

يەسسىدە شۇ كۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان ئەنئەنىۋى گەپلەرگە ۋە «جەۋاھىر ئەل ئەبراز»دىكى رىۋايەتكە قارىغاندا، غوجا ئەھمەدنىڭ ئىبراھىم ئاتلىق بىر ئوغلى بولغانلىقى، ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغانلىقى، كېيىن گەۋھەرىي خۇشناز (بەزى كىتابلاردا گەۋھەرى خۇشناس، گەۋھەرى شاھنازمۇ دېيىلگەن) ئىسىملىك بىر قىزى بولغىنى ئېيتىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركلەرى ئارىسىدا ئۆزلىرىنى يەسسەۋىينىڭ نەسلىدىن دەپ سانىۋالغانلار ناھايىتى كۆپ. غوجا ھەسەن نەقىبۇل شەرەف بۇخارىينىڭ قول يازمىسىدا ئېيتىلىشىچە، سەمەرقەندتە ياشىغان، ئابدۇللاخان سارىيىدا شېئىرلار ئوقۇغان شەيخ ئوسمانىي سەيياھى ئەۋلىيا چەلەبىيە ئۆزىنىڭ يەسسەۋىي نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى يازغان (ئەۋلىيا چەلەبىيەنىڭ 10 جىلدلىق «ساياھەتلەر كىتابى» ئاۋۋال ئىستانبۇلدا بېسىلغان، كېيىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىككى كىتابى موسكۋادا بېسىلغان). 15 ـ ئەسىردە تۈركىستاندا ياشاپ ئۆتكەن شائىر ئاتايىمۇ يەسسەۋىي نەسلىدىن ئىكەن.

«خەزىنەتۇل سوفىيە» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، 16ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەسسەۋىي نەسلىدىن بولغان بىر شەخس ــ غوجا ھافىز ئەھمەد يەسسەۋىي نەقشبەندىيە ئىسىملىك بىر مۇتەسەۋۋۇپ ياشاپ ئۆتكەن. بۇ دەرۋىش تەقدىر تەقەززاسى بىلەن ۋەتىنى تۈركىستاندىن ئايرىلىپ، ئەرەبىستان، مەككە، مەدىنە، قۇللۇس، شام، ئىراق، رۇم، رۇس مەملىكەتلىرىدە بولغان، ھىندىغا بارغان، كەشمىرگە كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئىختىيارىي ھايات كەچۈرگەن. ئۇ ھىجرىيە 1116 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، شۇنداقلا يەسسىدە غوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئەۋلادلىرى ياشاپ كەلمەكتە. شۇ ئەۋلادلارنىڭ بىرى شەيخ ئىسمايىل ئوغلى شەھابىددىن يەسسەۋىيدۇر. شەھابىددىن يەسسەۋىي 1919 ـ يىلىدا يەسسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسمايىل شەيخ مەشھۇر خانىقادا شەيخ بولغان. بىر چاغدا ئىستانبۇلدا شەھابىددىن يەسسەۋىي بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمىزدە، ئۇ كىشى 30 ـ يىللاردىكى سىياسىي ۋەزىيەت سەۋەبىدىن شەيخ ئىسمايىل ئائىلىسى بىلەن ۋەتەندىن ھەيدەلگەنلىكىنى، جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا، ناماز ئوقۇپ ئولتۇرغان ۋاقتىدا ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

دېمەك، يەسسەۋىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بىزدە ئەمدى باشلانماقتا. بۈيۈك بوۋىمىز غوجا ئەھمەد يەسسەۋىينى، ئۇنىڭ ھايات تارىخى ۋە ئىجادىنى ئۆگەنگۈچى قېرىنداشلىرىمىز ھەزرەت يەسسەۋىي توغرۇلۇق چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ياراتماقتا. بىراق، بۇ توغرۇلۇق ماتېرىياللار بىزدە تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيادىكى يەسسەۋىيشۇناسلار يەسسىگە كېلىپ يىغىن ئېچىپ، 1000 يىللىق تارىخ روھى بىلەن ياشىماقتا. دېمەك، يەسسەۋىي ئەسەرلىرى، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى كىتابلار يېتەرلىك نەشر قىلىنمىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالدى دەپ ئويلايمەن.

(«ئۆزبېك ئوسمان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» ھەپتىنامىسى، 1990 ـ يىلى 26 ـ ئۆكتەبىر)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا)

# قىسسەئى زۆھراخان*

قەلەمگە ئالغۇچى: موللا بىلال

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا

## تەبىب پادشاھ بىرلە زۆھراخانىنىڭ ۋاقىئەلىرىنى بەيان قىلۇر

راۋىيلار شۇنداغ ئايتىپدۇرلاركىم، ئىلگەرى زەماندا ئىككى پادشا بار ئەردى. بىرىسىنى ئاق خان ئاتار ئەردى، يانا بىرىسىنى قارا خان ئاتار ئەردى. بۇ ئىككى خانىنىڭ ئاراسىدا... رىشتەسى مۇھكەم ۋە مېھرى ـ مۇھەببەت بەينى مۇستەھكەم ئەردى. بۇلار ۋەئدە ـ ۋەئىد قىلىشقان ئەردىكى، ئەگەر خۇدايىتائالا بىرىمىزگە ئوغۇل ۋە بىرىمىزگە قىز ئەيال ئاتا قىلسا، ئىككىمىز ئۇلۇغ توي ـ تاماشالار قىلىپ، بىر ـ بىرىگە ئالىپ بېرىپ، بىر ـ بىرىمىزگە قۇدا ـ باجا بولۇشايلى، دەپ ئەھد ـ پەيمان قىلىشقان ئەردى.

شۇ كۈندىن باشلاپ تارىخلار يېزىپ، ھەر ئىككى پادشاھ مۆھرلىرىنى ۋەئدە خېتىگە باسىپ قارا خانىنىڭ ئېلكىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەردى. ھەر ئىككى پادشاھنىڭ بانۇلار ھامىلەدار ئەردى. ھەر ئىككى پادشاھ ھەر كۈنى ئوۋغا چىقىپ بۇغا ـ مارال، شىر ـ يولبارسلارنى شىكار ئېتەر ئەردى. ھەر ئىككى پادشاھنىڭ يۇرتى بىر ـ بىرىگە چاتىش، يەقىن ئەردى.

قازارا بۇ ئىككى پادشاھ شىكارغا چىقىپ، ئەينى تاماشا ئۈستىدە سۇرۇرلۇق ئۆۋرەسىدە ئەردىكى، ناگاھ شەھەر تەرەفىدىن ئىككى ئاتلىق ئات چاپىپ يېتىپ كەلدى. ھەر ئىككى پادشاھغا خۇشخەۋەر ئايتتىكى، ئاق پادشاھنىڭ بانۇسى ئوغۇل تەۋەللۇد قىلىپدۇر. قارا خانىنىڭ بانۇسى قىز ئەيال تەۋەللۇد قىلىپدۇر. قارا خان بىدىماغ بولدى، ئەمما ئاق خان شادلىغىدىن ئورداسى تەرەفىگە ئات سالىپ يۈردى. ۋەزىرلەر بىر ـ بىرى ئارقا ئات سالدى. ئاق خانىنىڭ ئاتىنىڭ تۇۋاقى كۆبرۈككە سافىلدى، ئات يىقىلدى. پادشاھ ئاتىنىڭ ئاستىدا قالدى، پادشاھنىڭ ئاغزىدىن لەختە ـ لەختە قان رەۋان بولدى، بىخۇد بولدى. ئات ئۆلدى. ۋەزىرلەركېلىپ بۇ ھالنى كۆردى، باشلىرىغا تۇفراقلار ساچىپ، پادشاھنى تەختىدە ياتقۇزدى، ئوردا سارىغا ئالىپ يۈردى. پادشاھنى بىستەرى بالىن ئۈزرە ياتقۇزدى.

بۇ ۋاقىئە قارا خانغا ئېشىتىلدى. تېز شىكاردىن ياندى، ئاق خانىنى كۆرگەلى كەلدى، كىرىپ باشىنى يۆلەپ ئولتۇردى. ئاق خان كۆزىنى ئاچىپ قارا خانىنى كۆردى ۋە ئايدىكىم:

---

* ئالمۇتا «مەكتەپ» نەشرىياتى نەشر قىلغان بىلال نازىمىنىڭ «ۋەتەن ئىشقىدا» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

— ئەي دوستى جانى، ئەگەر مەن ۋەفات بولسام، فەرزەندلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولغايسىز، بىز قىلىشقان ۋەدىگە ۋەفا قىلىپ، قىزىڭىزنى ئوغلۇمغا ئالىپ بېرىپ، ھەر ئىككىسىنى فەرزەند قىلىپ ئالغايسىز، — دەپ نەچچەند ۋەسىيەتلەر قىلىپ ۋەفات بولدى. پادشاھانە تاۋۇتقا سالىپ، نەمازىنى ئوقۇپ، مەدفۇن قىلىپ ياندى.

ئاق خاننىڭ خاتۇنى ئوغلىغا تەبىب پادشاھ ئات قويدى. قارا خان قىزىنىڭ ئاتىنى زۆھراخان قويدى. ھەر ئىككىسىنى قارا خان ئۆز فەرزەندىدىن زىيادە بىلىپ پەرۋەرىش قىلىۋر ئەردى.

بىر مۇنچە زەماندىن سوڭ ھەر ئىككى فەرزەند يەتتە ياشقا كىردى. قارا خان تەبىب پادشاھ بىرلەن زۆھرانى موللاغا ئىلىم تەھسىل قىلماق ئۈچۈن مەكتەبكە بەردى. ھەر ئىككىسى مەكتەبدە بىللە ئوقۇپ ئەردى. موللاسى ھەر ئىككىسىگە تاختا تۇتۇپ بېرۇر ئەردى. ھەر ئىككىسى ھورۇف جۇمەلىنى تەئلىم ئالۇر ئەردى.

تەبىب پادشاھ زۆھرا بانۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلماس ئەردى. ھەر ئىككىسى رەسىدە بولغۇنچە ئىلمى قالدا بىنەزىر بولدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە بىر - بىرىنىڭ مۇھەببەتى بار ئۈچۈن، بىر - بىرىگە ئىلمى ئەشئار بىرلە شېئىرلار ئايتىپ، بىر - بىرىگە شىرىن سۆز بىرلە بېيىت ۋە ئەبىياتلار ئايتىشۇر ئەردى.

قازارا بىر كۈنى تەبىب پادشا ۋە زۆھرا خانىم كوچىدا ئويناشىپ يۈرسە، بىر مۇنچە باي جاھىللارنىڭ بالالارى ئالتۇندىن ئوشۇقلار قىلىپ ئوينىشىپ تۇرغان يېرىگە بېرىپ، بۇلار ھەم جاھىللارنىڭ باللىرىنىڭ ئالتۇن ئوشۇقلىرىنى ئالىپ كۆرۈپ ئەردى، جاھىل بەچچەلەر ئايتتىلار:

— ئەي ئاتاسىز تەبىب، ساڭا كىم ھەد بەردىكى، ئالتۇندىن ئوشۇق ئويناغالى؟ سەن كىم، ئالتۇن ئوشۇق كىمدۇر؟ — دېدى. تەبىب پادشاھ بىرلە زۆھرا خانىم ئىزا تارتىپ يىغلاشىپ قارا خاننىڭ قاشىغا كېلىپ، جاھىل بەچچەلەرنىڭ قىلغان تەئنى سۆزلەرىنى قارا خانغا بىر - بىر بەيان قىلدى. قارا خان زەرگەرلەرگە بۇيرۇپ، ئىككىسىگە بىر مۇنچە ئالتۇن ئوشۇق قىلدۇرۇپ بەردى. بۇلار شاد - خۇررەم بولۇپ، ئالتۇن ئوشۇقنى ئويناپ يۈرۈر ئەردى.

بەناگاھ بىر كەنىزەر موماي بىر كوزىغا سۇ ئالىپ كېتىپ بارۇر ئەردى، تەبىب پادشاھنىڭ ئاتقان ئوشۇقى مومايىنىڭ كاسىگە تېگىپ سىندۇردى. موماي كەنىزەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئايتتىكى:

— ئەي ئاتاسىز بەغەرەز، ئۆزۈڭنىڭ قومۇشلاقىغە ئويۇن قىلمامسەن، ماڭا نېمە دەپ ئويۇن قىلاسەن؟ — دېدى. تەبىب پادشاھ ئايتتىكى:

— قارا خان مېنىڭ ئاتام ئەمەسدۇرمۇ؟

موماي ئايتتى:

— ئەي شاھزادە، سېنىڭ ئاتاڭ قارا خان ئەمەسدۇر، بۇ بولەك پادشاھدۇر. بۇ قارا خان زۆھرا خانىمنىڭ ئاتاسىدۇر، — دېدى.

تەبىب پادشاھ ئايدى:

— موما، مەن سىزگە شۇبۇ ئالتۇن ئوشۇقۇمنى بېرىمەن، راستىنى ماڭا ئايتقايسىز، — دەپ

يالبارىدى.

موماي ئايدىكىم:

ــ ئەي شاھزادە، بىلگىل ۋە ئاگاھ بولغىلكى، سېنىڭ ئاتاڭ ئاق خان ئەردى، ــ دەپ ئاق خان بىرلە قارا خاننىڭ ۋەئدە قىلىشقانلىقىنى، ۋەئدە خەت قىلىشىپ قارا خاننىڭ قولىغا بەرگەنىنى، شاھزادەغە زۆھرا خانىمنى نامزەد قىلغانىنى بىر ـ بىر بەيان قىلدى.

باز موما ئايتتى:

ــ ئەي فەرزەند، ئەمدى سەن زۆھرا خانىم بىرلە ئويناشقايسەن، چەراكى زۆھرا خانىم سېنىڭ ھالالىڭدۇر، ــ دەپ سۆزنى تامام قىلدى.

بەس، تەبىب پادشاھ ئاندىن يانىپ كەلسە، زۆھرا خانىم گۇلجەمىلە دېگەن قىز بىرلە ئويناپ، تەبىب پادشاھنى قايدا ئىكەن، دەپ يۈرۈپ ئىكەن. تەبىب پادشاھ كەلگەن بويىچە زۆھرا خانىمنى لەبىگە بۆسە قىلىپ سۆيدى.

زۆھرا خانىم ئايدى:

ــ ئىلگەرى مۇنداق بىئەدەبلىكنى قىلماس ئېدىڭىز، بۈگۈن مۇنداق گۇستاخلىق قىلۇرسىز؟ ــ دەپ يىغلادى.

تەبىب پادشاھ كەنفىر مومايدىن ئىشىتكەن سۆزلەرىنى ئەۋۋەلدىن تا ئاخىر بىر ـ بىر بەيان قىلدى. زۆھرا خانىم بىسيار ئاقىل، خىرەدمەند ئەردى. فەھم بىرلە بىلدىكى، بىر ـ بىرىگە نامزەد بولغان ئىكەن. شۇل زەمان خۇدايىتائالا تەبىب پادشاھ بىرلە زۆھرا خانىمنىڭ ئاراسىغا ئۆز مۇھەببەتىنى سالدى. بۇلار بىر ـ بىرىدىن كېچە ۋە كۈندۈز ئايرىلماس ئەردى، بىر ـ بىرىنى بىر دەم كۆرمەسە ئارام قەرارى قالماس ئەردى.

ئۇل ۋەقتىدە قارا خانغا مۇغ تائىفەسى قاتتىق دۈشمەن ئەردى. قارا خان ھەم ھەمىشە ئۇل تائىفەلەردىن ئەلەم چېكەر ئەردى، تولا ئەندىشە قىلۇر ئەردى.

بىر كۈنى قارا خانغا مۇغلار شاھىدىن، ئەلچىلەر كەلدى، دەپ خەبەر بولدى. ئەلچىلەر ئالدىغا بەگلەرىنى چىقارىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىرلە ئالىپ كىرىپ ئىكراملار قىلدى.

ئەلچىلەر نامەسىنى قارا خانغا تۇتۇپ بەردى. ئوقۇپ كۆرسە ئايتىپدۇركى: «ئەي خان، بىلگىل ۋە ئاگاھ بولغىلكى، زۆھرا خانىمنى ماڭا بەرگەيسەن. ماڭا بەرمەسەڭ، لەشكەر بىرلە بارىپ شەھەرىڭنى ۋەيران قىلىپ، زۆھرا خانىمنى ئەسىرلەر قاتارىدا ئېلكىمگە تۇشۇرگەيمەن» دەپدۇر.

قارا خان غەزەبكە كەلدى ۋە جاۋابىدا دېدىكىم: «ئەي شاھى مۇغان، سېنىڭ مەغزى سەرىڭگە خەلەللىك يېتىپ، ھەر قىسمى سۆزلەرنى قىلۇرسەن. ئەمما، خۇدايىتائالانىڭ خاھىنى بىلمەسسەن، ئەگەر سېنىڭ لەشكەرىڭ بولسا، بىزنىڭ خۇدايىمىز باردۇر. بۇ قەسدىڭ ئۆزۈڭگە يانغۇسىدۇر» دەپ ئەلچىلەرنى ياندۇردى.

ئەلچىلەر بارىپ قارا خاننىڭ جاۋابىنى ئايتتى. مۇغلار شاھى غەزەبدىن تېز لەشكەر بىرلە ئاتلاندى. قارا خان شەھەرىگە يېقىن كېلىپ تۇشتى. قارا خان ھەم لەشكەر بىرلە چىقىپ سەفلەر ئارەستە قىلىپ،

بىر مۇنچە كۆپ جەڭ ۋە جېدەللەر قىلدى، بولمىدى. قارا خان مۇنادىي قىلدۇردىكى: «ھەر كىشى شۇبۇ يىغىنى ياندۇرسا، ئاڭا قىزىمنى بېرىپ ئۆزۈمگە داماد قىلۇرمەن» دېدى.

ئەمما قارا خاننىڭ ۋىلايىتىدە بىر تاز بار ئەردى. زۇھرا خانىمغا ئاشىق ئەردى. بۇ نىدانى ئېشىتىپ پادشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۇئا قىلدى. پادشاھ سورادى:

— ئەي تاز، نېمە دەردىڭ باردۇر، نە ئىشقا كەلدىڭ؟ — دېدى.

تاز ئايدى:

— شاھا، بۇ مۇغلارنىڭ ئەھدەسى ماڭا، مەن بۇ مۇغلارنى دەفئى قىلاي، مەگەر پادشاھ ۋەئدەسىگە ۋەفا قىلىپ، مېنى مادادلىققا قوبۇل قىلسا، — دېدى. پادشاھ زەرۇرىيەتتىن قوبۇل قىلدى. تازغا ئات، سەراپالار، لەشكەر بەردى. جۇببە ۋە جەۋشەن، ياراغ - جابدۇق بەردى. زىرىھ ۋە دۇبۇلغالار بەردى.

تاز ئۆيىگە باردى. ئاتنىڭ ئۇچاسىغا يار يىلىم سۈردى. ئۈستىگە توقۇم سالدى. توقۇم ئۈستىگە ھەم يار يىلىم سۈرتۈپ ئىگەرنى قويدى. ئىگەرنىڭ ئۈستىگە ھەم يىلىم سۈرۈپ ئۆزى مىندى. ئاندىن لەشكەرنى باشلاپ مەيدانغا كەلدى. مەيداننىڭ ئوتتاسىدا بىر دەرەخت بار ئەردى. يىلتىزى ساسىپ قالغان دەرەخت ئەردى. پادشاھ ئايدى:

— ئەي تاز، مەيدانغا كىرگىل ! — دېدى.

تاز مەيدانغا كىرمەسكە چارە تاپالماي، نائىلاج بولۇپ تۇرغاندا، مۇغلار تەرەفىدىن بىر پەھلىۋان مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. بۇ تەرەفدىن تاز مەيدانغا ئاتنى يۈگۈرتتى. تاز ئاتنى ھەر قانچە توختىتاي دېدى، ئات تازنى مۇغلار تەرەفىگە ئالىپ قاچتى. تازنىڭ ئاتى مەيدان ئوتتاسىدىكى دەرەختنىڭ تۈبىدىن چاپىپ ئۆتتى. تاز دەرەختنىڭ شاخىنى مەھكەم تۇتىۋالدى. دەرەخت يىلتىزىدىن يۇمۇرۇلدى. دەرەختنى قويۇۋەتمىدى. ئات تاز بىرلە دەرەختنى مۇغلار لەشكەرنىڭ ئاراسىغا ئالىپ كىردى. مۇغلارنىڭ ئاتلارى مۇنى كۆرۈپ ھۈركۈپ نەچچە مىڭ مۇغنى ئاتلار يەرگە چالدى. نەچچەند مۇغلارنى ئاتلار سەھراغا ئالىپ قاچتى. مۇغلار لەشكەرنىڭ ئاراسىغا زىلزىلە تۈشۈپ، مۇغ لەشكەرى بارچاسى تەفرىقە بولدى. قاچماققا يۈز تۇتتى. بۇ تازدىن مۇغلار يامان قورقتى. بارچا مۇغلار قاچىپ كەتتى. تاز شاد - خۇررەم بولدى.

قارا خان تازدىن مىننەتدار بولۇپ، تازنى لەشكەر باشى قىلدى. «قىزىم رەسىدە بولغاندا ساڭا بېرۇرمەن» دەپ ۋەئدە قىلدى. تاز خۇشاللىقتىن تېرەسىگە سىغمادى.

ئەمما، زۇھرا خانىم ئېشىتىپ بىدىماغ بولدى. ھەمىشە زۇھرا خانىم تەبىب پادشاھ بىرلەن ئويناشۇر ئەردى. تازنى كۆزىگە ئىلماس ئەردى. تازنىڭ رەشكى كېلىپ خەفا بولۇر ئەردى. بىر كۈنى تاز بىر قورغۇيىنى قولىغا قوندۇرۇپ كېلىپ، تەبىب پادشاھقا باقىپ ئايتۇركى، نەزم:

قۇرغۇي سالسام تەبىبكە، ئالتۇن سىفەت زۇھرامغا
ئالسا چۇبچۇق بولۇرمۇ؟ تەبىب لايىق بولۇرمۇ؟

— دېدى.

تەبىب پادشاھ تازنى كۆزىگە ئىلماي، بۇ بەيتنى ئايتىپ تازنى مەسخىرە قىلدى:

قۇرغۇيى سالساڭ باغچاڭغا، ئالسا چۈبچۈق بولماسمۇ؟
بۇرنا سۆيگەن زۆھرامنى ئەمدى سۆيسەم بولماسمۇ؟

دەپ زۆھرا خانىمنىڭ لەبىگە سۆيۈپ، بوينىغا قولىنى سالىپ ھۇجراسىغا كىرىپ كەتتى. تاز قۇرغۇيىنى يەرگە ئۇردى. ياقىسىنى چاك قىلىپ قارا خاننىڭ قاشىغا كىرىپ ئايدىكى:

— ئەي پادىشاھ، رۇزەنى مەن تۇتۇپ، ئەيدنى تەبەب پادشاھ ئەيدلارمۇ؟ — دېدى. تاز بولغان ۋاقىئەلەرنى بىر - بىر بەيان قىلدى. قارا خان ئېشىتىپ قەھرى كەلدى ۋە ئايدى:

— تەبەب پادىشاھنى تۇتۇڭلار! — دېدى. تاز تېز باردى. پادىشاھنىڭ يارلىقى دەپ تەبەب پادىشاھنىڭ ئېلكىنى تال بىرلە باغلادى. زۆھرا خانىم كۆرۈپ يىغلاپ بۇ بەيىتنى ئوقىدى:

تەبەب پادىشاھنى تالادى، تەبەب پادىشاھنىڭ ئاتاسى يوق،
تال بىرلە ئېلكىنى باغلادى. بېلىدە پوتاسى يوق.

دەپ زۆھرا خانىم يىغلاپ تۇردى. بەگلەر مەسلەھەت قىلدىلاركى: «مۇبادا، تەبەب پادىشاھنى ئۆلتۈرسەك، زۆھرا خانىم ئۆزىنى ھالاك قىلغۇسىدۇر» دېدى.

بۇ ۋاقىئەنى پادىشاھقا بىر - بىر بەيان قىلدى. پادىشاھ ئايدىكى:

— بەس، ئانداغ بولسا تەبەبنى ساندۇقتا سالىپ دەريايى رۇمغا سالىڭلار، نېمە بولسا بولسۇن، — دېدى. پادىشاھنىڭ بۇ يارلىقىنى ھەممە شەھەر خەلقى ئاڭلادى. تەبەب پادشاھ ئاڭلاپ زۆھرا خانىمنى ئېشىتسۇن دەپ بۇ بەيىتنى ئوقىدى:

تەبەب بەگ قولى باغلاندى، مېنى سالسا دەرياغا،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى. كىم ئايتادۇر سەن يارغا.
ئاشىق بىرلە مەئشۇقنىڭ تەبەبتىن دۇئا دەڭلار،
يۈرەك - باغرى داغلاندى. ئەي بەگلەرىم، زۆھرامغا.

دەپ يىغلادى. زۆھرا خانىم يۈگۈرۈپ چىقسا، تەبەب پادىشاھنى باغلاپ زىندانغا ئالىپ كېتىپ بارۇر. زۆھرا خانىم تەبەب پادىشاھنىڭ ئارقاسىدا بۇ بەيىتنى ئايتادۇر:

تەبەبىمنى ساقلاڭلار، تەبەبىمنى ئۆلتۈرۈپ
زىندان ئىچرە سالماڭلار. ۋەبالىمغا قالماڭلار.

دەپ يالباردى.

بەگلەر تەبىب پادشاھنى زىندانغا سالدى. بىر مۇنچە ياغاچچىلارغا ساندۇق چاپماقتا ئەمر قىلىدى. ياغاچچىلار ياغاچلارنى جەمئ قىلىپ ساندۇق چاپماقتا مۇقەييەد بولدىلار. زۆھرا خانىم ئۇستىلارلار ئالدىغا كېلىپ ساندۇقنىڭ تەرھىنى بەيان قىلىپ، ئالتۇن ۋەئدە قىلىپ بېيىت ئايتادۇر:

ئاتام ئىيتقان ساندۇقنى ساندۇقلارى ياخشى غاي،
ياخشى ئېتىڭ، ئۇستازىم. ئىچىندە قىلغىل تۆت ـ بەش ئۆي.
مەندىن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئىچرە نازۇ ـ نېئمەت قوي،
شىكلاپ ئالىڭ، ئۇستازىم. مۇھكەم قىلىڭ، ئۇستازىم.

دەپ بىرمۇنچە لەئل ـ جەۋاھىر، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بەردى. ياغاچچىلار بىر ساندۇق ياسادىكىم، ئىچىدە ئۈچ ھۇجرا ياسادى. بىرىدە تەبىب پادشاھ ئولتۇرۇر دەپ، قالغان ئىككىسىگە ئازۇق سالماق ئۈچۈن راستلادى.

— ساندۇق تەييار بولدى، — دەپ قارا خانغا مەئلۇم قىلدى. قارا خان ئايدى:

— تېز تەبىب پادشاھنى ساندۇققا سالىپ رۇم دەرياسىغا تاشلاڭلار! — دېدى. تېز چاغاللار بارىپ شاھزادەنى زىنداندىن چىقارىپ دەريا بويىغا ئالىپ باردى. بۇ خەبەرنى كەنىزەكلەر زۆھرا خانىمغا يەتكۈزدى. زۆھرا خانىم بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. ھۇشىغا كېلىپ زار ـ زار يىغلاپ، دەريا تەرەفىگە قىزلار بىرلەن رەۋان بولدى. كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە دەريا بويىغا يېتىپ كۆردىكىم، شاھزادەنى ساندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئاغزىنى ئەتكۈنچە شاھزادە زۆھرا خانىمنى كۆرۈپ، زار ـ زار يىغلاپ جۇدالىغى دەردىگە بۇ بەيىتنى ئايتىپ يىغلادى:

تۈشەر بولدۇم دەرياغا، زۆھرا ئايىم، ياخشى قال،
شەكسىز قالدىم بەلاغا، زۆھرا ئايىم، ياخشى قال.
غەرىب باشىم ئايلاندى، ساندۇق ئىچرە سولاندى،
تەبىب سەندىن ئايرىلدى، زۆھرا خانىم، ياخشى قال.

دەپ شاھزادە ساندۇقتا تۇرۇپ زار ـ زار يىغلادى. زۆھرا خانىم ساندۇقنى چۆرۈلۈپ ئاھ جۇدالىغى، ئاھ شاھزادەم، مېنى دەپ خانەۋيران بولغان شاھزادەم، مەندىن رازى بولۇڭ، دەپ بۇ بەيىتنى ئوقۇپ يىغلادى:

مۇندىن كېتەر بولساڭ، ئايا شاھزادەم،
سەن يارىمنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.
جۇدا بولساڭ مەندىن، سەرۋى ئازادىم،
سەن يارىمنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

دەپ تەبىب پادشاھنىڭ بوينىنى قۇچۇپ يىغلادى. شاھزادە ھەم يۈزىنى زۆھرا خانىمنىڭ يۈزىگە قويۇپ يىغلاشىپ، ھەر ئىككىسى بىخۇد بولۇپ يىقىلدى.

زۆھرا خانىمنى قىزلار ئۆرداغا ئالىپ كېلىپ، يۈزىگە گۇلاب سېپىپ ھۇشىغا كەلتۈردى. زۆھرا خانىم كېچە - كۈندۈز شاھزادەمنىڭ دەردى - فىراقىدا يىغلار ئەردى. گۈلدەك يۈزى زەئفەراندەك سارغايدى. ئىشى دائىم ئاھ ئۇرماق ۋە يىغلاماق ئەردى ۋە ھەمىشە شاھزادەنى ياد ئېتىپ يىغلار ئەردى.

ئەمدى سۆزنى تەبىب پادشاھدىن ئېشىتمەك كېرەك. شول بىخۇدلىقىدا شاھزادەنى سالىپ، ئاغزىنى مۇھكەم ئېتىپ دەرياغا تاشلادى. ساندۇقنى سۇ رۇم تەرەفكە ئالىپ يۈردى.

قازارا رۇم پادشاھى دەريا تاماشاسىغا ئەھلى ئەياللارى بىرلەن چىققان ئەردى. ئۈچ قىزى بار ئەردى. پادشاھ ئۈچ قىزىنى ھەم بىرلە ئالىپ، ئالتۇن چادىرىنى دەريانىڭ لەبىگە تىكىپ، ئىچىدە دەرياغا نەزەر قىلىپ ئولتۇرۇپ ئەردى. ناگاھ دەريا يۈزىدە بىر ساندۇق پەيدا بولدى، ئاقىپ كېلەدۇر. پادشاھنىڭ قىزلارى كۆرۈپ پادشاھقا خەبەر قىلدى. پادشاھ ئايدى:

— بۇ ساندۇقنى قىزلارىمدىن قايسى تۇتۇپ ئالىپ چىقسا، ئىچىدە ھەر نەرسە بولسا، شول نېمەرسە بىرلە شول قىزىمغا بەردىم، — دەپ يارلىق قىلدى.

بۇ قىزلار ئاتاسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھەر ئۈچى ئاتلارغا سەۋارە بولۇپ، ئۈچ تەرەفدىن كىردى. ئانچۇنان جەھد قىلدى، تۇتماق مۇيەسسەر بولمادى. ئەمما كىچىك قىزىنىڭ ئىسمى سۇلتان بىبى ئەردى. ئاتقا سەۋارە بولۇپ، ساندۇققا يېتىشتى. قول ئۇرۇپ ساندۇقنى تۇتۇپ ئالىپ چىقىپ دەريانىڭ لەبىدە قويدى. پادشاھ ئايدى:

— بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىندە ھەرنە بولسا قىزىم سۇلتان بىبىنىڭ بولسۇن، — دەپ يارلىق قىلدى. ساندۇقنى مۇھافەغ سالىپ شەھەرگە رەۋان بولدى. سۇلتان بىبى تېز ساندۇقنى ئاچماققا قەسد قىلدى. ئانچە جىددۇ - جەھد قىلدى، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچالمادى. شاھزادە ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ خەلايىق ساندۇقنى تۇتۇپ ئالغىنىنى بىلدى. ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بۇ بەيىتنى ئايتادۇر:

| | |
|---|---|
| تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر، | ئايرىلمىدىم مەن زۆھرامدىن، |
| گۈل باشىمغا ساچىلۇر. | كىم چىقاردى دەريادىن؟ |
| بۇ مېنىڭ خەستە كۆڭلۈم، | زۆھرام مۇندا بولماسا، |
| يارىمنى كۆرسە ئاچىلۇر. | كۆڭلۈم ھەر يان ساچىلۇر. |

دەپ ئەردى، ساندۇقنىڭ ئاغزى ئاچىلدى. سۇلتان بىبىچە قاراپ كۆرسە بىر يىگىت ئولتۇرۇركى، ئاينىڭ ئون تۆرتىگە ئوخشار. ئىككى تەرەفدىن كاكۇلى ياڭاقىغا تۇشۇپدۇر. كۆزلەرى گويا كى ئاھۇ، كىرپىكلەرى ئوقدەك، قاشلارى يايدەك ئەگمە، ساچلارى سۇنبۇل، قاپاقلارى بادام تۇرۇر. بەدەنلەرى نۇقرەدەك ئاق، لەبلەرى قىزىل گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك، مەڭزى لەئلى بەدەخشاندەك، چۈن بىبى سۇلتان بىبىچە كۆرمەك ھەمانە مىڭ جانۇ دىل بىرلە ئاشىقۇ شەيدا بولدى. فىلھال ساندۇقدىن چىقاردى ۋە ھەرىر چىنلەردىن

تونلار كەيدۈردى، ئەلۋان تۈرلۈك نېئمەتلەرنى يېدۈردى. لېكىن شاھزادە بۇلارغا زەررە پەرۋا قىلماي، بىدىماغ ئولتۇرۇر ئەردى ۋە كۆزىدىن ياش قۇرۇماس ئەردى.

دەرھال پادشاھقا خەبەر قىلدى. پادشاھ شاھزادەنى كۆرۈپ، بىسيار شاد مەسرۇر بولدى. شاھزادە ھەم پادشاھى رۇمنى كۆرۈپ تەئزىم قىلىپ تۇردى. پادشاھ شاھزادەدىن ۋاقىئەنى سورادى. شاھزادە باشىغا كەلگەنلەرنى بىتەۋەققۇق بەيان ئەيلەدى. پادشاھنىڭ شاھزادەگە رەھمى كەلدى ۋە ئايدى:

— ئەي فەرزەند، ئەگەر سەن ئاندا خار بولساڭ، مېنىڭ قاشىمدا ئەزىز ۋە مۆھتەرەم بولغايسەن، قىزىمنى بېرىپ داماد قىلغايمەن، — دەپ يارلىق قىلدى، — شەھەرنى ئايىنە بەندلىك قىلىڭلار! — دېدى.

قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تەماشا قىلىپ سۇلتان بىبىچەنى تەبىب پادشاھقا ئەقد قىلىپ بەردى. شاھزادە قىزغا ئايدى:

— ئەي مەلىكە، مەي يارى ـ ۋەفادارىم زۇھرا خانىمنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىپ ئايتىپ ئەردىمكى، سىزدىن بۆلەك قىزنى ئالمىغايمەن، دەپ. ئەلھال ئاتاڭىزنىڭ ھۆكمىنە ئىلاج قىلالمادىم، — دەپ ئۆزر ئايتتى. قىز بۇ سۆزنى ئېشىتىپ يىغلادى ۋە ئايدى:

— ئەي شاھزادە، مەن سىزنى كۆرمەك ھەمانە ئاشىق بولدۇم. ئەگەر سىز مېنى ۋىسالىڭىزدىن يىراق قىلۇر بولساڭىز، مەن ھالاك بولغۇمدۇر، — دەپ يىغلادى. شاھزادە قىلىچنى يالاڭلاپ ئوترادا قويۇپ ئايدىكىم:

— ھەر كىشى ئۆيرۈلسە، قىلىچ شول كىشىنى كەسسۇن، — دېدى. مەلىكە نائىلاج رازى بولدى، ۋە لېكىن ئىشق ـ مۇھەببەت مەلىكىنى فەخش قىلدى. كۈندىن ـ كۈنگە چىرايى سارغايىپ زەئفەراندەك بولدى. بىر كۈنى ئاناسى سورادىكى:

— ئەي فەرزەندىم، نە بولدۇڭكى، گۇلدەك جەمالىڭ زەئفەراندەك سارغايىپدۇر؟ — دەپ ئەردى، مەلىكە شاھزادەنىڭ فېئلىنى بىر ـ بىر ئايتىپ زار ـ زار يىغلادى. ئاناسى بۇ ھىكايەتنى پادشاھى رۇمغا بەيان قىلدى. پادشاھ ئايدى:

— بىزلەر شاھزادەگە زۇلم قىلىپدۇرمىز، قىزىمغا ھايات بولسا كىيۇۋ تاپىلۇر، شاھزادەگە بىر تىيۋەدە ئازۇق ـ تالقان بېرىپ يۇرتىگە ئىبەرمەك كېرەك، — دەپ ھۆكم قىلدى.

ئەمما، سۆزنى زۇھرا خانىمدىن ئېشىتمەك كېرەك. قاچانكىم، زۇھرا خانىم شاھزادەدىن ئايرىلدى، كېچە ـ كۈندۈز ھۇجراسىدىن چىقماي يىغلار ئەردى ۋە ئايتۇر ئېدىكى:

— ئەي يارۇ ۋەفادارىم، قايسى دۇشمەنىنىڭ ئېلكىگە تۇشتۇڭ ئىكىن ۋە قايسى گىردابتا چۆۋرۈلۈپ يۈرۈرسەن ۋە قايسى نەھەڭگە تۇئمە بولدۇڭ ئىكىن؟ — دەپ بۇ بەيىتنى ئوقۇپ يىغلار ئەردى:

ۋەفادارىم، مىھرىبانىم، ھەبىبىم، چۆرۈلۈرسەن قايسى گىرداب بەلادا،
كۆرەر كۈن بارمۇكىن ئايدەك يۈزۈڭنى. تۇتۇپ يېدى قايسى نەھەڭ دەريادا؟
خىرەدمەندى شاھزادە تەبىبىم، كۆرەر كۈنلەر بولۇرمىدۇر ئىرادە،
ئېشىتۇرمەنۇ سېنىڭ شېرىن سۆزۈڭنى. بۇسە قىلسام ئېدى ئاھۇ كۆزۈڭنى.

ئەي مەھرىبانىم، تەبىب شاھىم، سەن قايدا؟
بىلسەم ئېدى، بارسام ئېدى مەن ئاندا.
زۆھرا خانىم مۇندا ئاھۇ قىلغاندا،
سۈرمە قىلسام ئەردى باسقان ئىزىڭنى.

دەپ يىغلار ئەردى. تاز ھەر كۈنى زۆھرا خانىمنى بىر كۆرەي دەپ، ھۇجراسىغا كېلىپ كۆرەلمەي يانىپ كېتەر ئەردى. زۆھرا خانىم ھېچ كىشىگە كۆرۈنمەس ئەردى.

ئەمدى سۆزنى تەبىب پادشاھدىن ئېشىتمەك كېرەكدۇر، يەنى تەبىب پادشاھقا بىر تىيۇەگە ئۇزۇق ئارتىپ ئۈستىگە تەبىب پادشاھنى مىندۇرۇپ ئۆز شەھرىگە ئىبەردى. شاھزادە يولدا كېلىپ ياتۇر ئەردى. تاغ يىقىلىپ يولنى بەند قىلىپدۇر. شاھزادە ئۆتەلمەي، غەرىب بولۇپ بۇ بېيىتنى ئايتادۇر:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غەرىب يولنى باغلار.
غەرىب ئۆلسە كىم يىغلار؟
غەرىبكە غەرىب يىغلار.

ــ خۇدايىتائالاغا يىغلاپ مۇناجات قىلدى. خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىرلەن تاغ يارىلىپ يول ئاچىلدى. شاھزادە تىيۇە بىرلە ئۆتتى. يانا يارىلغان تاغ بىر بولۇپ تىيۇەنىڭ قۇيرۇغىنى قىسىپ ئالدى. تىيۇەنىڭ قۇيرۇغى ئۈزۈلدى. تىيۇەنىڭ قۇيرۇغى قىسقا بولماق شۇنىڭدىندۇر دەرلەر. ئاندىن يۈرۈپ ئۆز شەھرىگە كېلىپ زۆھرا خانىمنىڭ ھۇجراسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ بېيىتنى ئايتىپ يىغلادى:

سالىپ كىمخاب رەختىدە،
زۆھرام ياتۇر تەختىدە.
زۆھرام تۇشەك سالىپدۇر،
ھەر بىرى چىن رەختىدە.

ــ دەپ ھەزىن ئاۋاز بىرلە قىچقىردى. زۆھرا خانىمنىڭ قۇلاقىغا تەبىب پادشاھنىڭ ئاۋازى كىردى. بىر ئۆيرۈلۈپ يانا ئۇيقۇغا باردى. ئويغىنالمادى. چەراكى شاھزادەنى دەرياغا تاشلاغاننىڭ بۇ يۈزىدە ئۇيقۇسى قانغۇچە ئۇخلالماغان ئەردى. شاھزادە بىلدى زۆھرا خانىم ئويغانمادى. يانا بۇ بەيتنى ئايتتى:

مەن كەلدىم شۇندىن شۇنگە،
خۇدانىڭ پەرمانىچە،
رۇم شەھرىدە قىز ئالدىم،
ئاتى سۇلتان بىبىچە.

بۇ شاھزادەنىڭ ئاۋازى زۇھرا خانىمنىڭ قۇلاقىغا يەتتى. ئورنىدىن چاچراپ قوپىدى. يالاڭ باش، يالاڭ ئاياق، تونىنىڭ بىر يەڭگى ساپىپ، بىرىسىنى ساپماي يۇگۇرۇپ ئىشىككە چىقسا، شاھزادە پادشاھ تۇرۇپدۇر. زۇھرا خانىم شادلىغىدىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. شاھزادە زۇھرا خانىمنى تېز كۆتەرى ھۇجرەگە ئالىپ كىرىپ ئىشىكنى ئېتىپ زۇھرا خانىمنىڭ باشىنى شاھزادە تىزىغا ئالىپ يىغلاپ، لەبىگە بوسەلەر قىلدى. زۇھرا خانىم ھوشىغا كېلىپ ھەر ئىككىسى قۇچاغلاشىپ يىغلاپ، باز خۇشلۇق قىلىشىپ، كېچە ۋە كۇندۇز ئەيشى ـ ئىشرەتتە بولدى. نەچەند زەمان مۇنداغ كەچتى. كۇنلەردىن بىر كۇنى زۇھرا خانىم تەبىب پادشاھ بىرلەن ئويناشىپ تۇرۇر ئەردى، ناگەھ بىر گەداي ھۇجرانىڭ ئىشىكدە تۇرۇپ:

ــ ھەق ياﺋاللا، سىزلەردىن خۇدا ئۇچۇن بىر نەرسە تىلەيدۇرمەن، ــ دەپ قىچقىردى. بۇلار گەداينىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمادى. گەداي ھۇجرانىڭ ئىشىكنى ئېچىپ كۆردىكى، تەبىب پادشاھ بىرلە زۇھرا خانىم ئولتۇرۇر. زۇھرا خانىم چاچراپ قوپۇپ گەدايغا بىر مۇش ئالتۇن بېرىپ، گەدايغا يالبارىپ ئايتتىكى:

ــ تەبىب پادشاھنىڭ كەلگەننى ھېچ كىشىگە ئايتماغىل، ــ دېدى. گەداي ئالتۇننى ئالدى، كەتتى.
يانا بىر مۇنچە كۇندىن كېيىن شول گەداي تازنىڭ ھۇجراسىغا بارىپ:
ــ ھەق ياﺋاللا، ــ دېدى. بىر چۇچەك كېپەك بەردى. گەداي ئايدى:
ــ شاھلار شاھلىغىنى قىلادۇر، فۇقەرا فۇقەرالىغىنى قىلادۇر، تەبىب پادشاھغا بارىپ «ھەق ياﺋاللا» دەپ ئېدىم، بىر مۇش ئالتۇن بەردى. ساڭا كەلسەم كېپەك بېرۇرسەن، ــ دېدى. تاز گەداينى تۇتۇپ ئايتتىكى:

ــ ئەي گەداي، مەن ساڭا باشىڭچە ئالتۇن بېرۇرمەن، راست سۆزلەگىل، ــ دېدى. گەداي تەبىب پادشاھ بىرلە زۇھرا خانىمنىڭ ئولتۇرغاننى بىر ـ بىر ھىكايەت قىلدى. تاز ئېشىتىپ ھوشى باشىدىن كەتتى. دەرھال گەداينىڭ ئېلكىدىن تۇتۇپ قارا خاننىڭ قاشىغا ئالىپ باردى. تاز قارا خانغا بىلدۇردى. قارا خاننىڭ قەھرى كېلىپ، غەزەب يۈزىدىن ئايتتىكى:
ــ تېز، جاللاد بارىپ شاھزادەنى كەلتۇرسۇن! ــ دېدى. تاز جاللادلارنى ئالىپ بارىپ زۇھرا خانىمنىڭ ھۇجراسىگە كىرىپ پادشاھنىڭ يارلىغىنى دەپ، تەبىب پادشاھنى باغلادى. زۇھرا خانىم يالبارىپ جاللادلارغا بۇ بەيىتنى ئايتادۇر:

خۇدا ھەققى جەللادلار،
ئازار بەرمە يارىمغا.
نەبىلەرنىڭ ھۇرمەتى،
ئازار بەرمە يارىمغا.

ئاتام قىلغان ۋەدەگە
ۋەفا قىلماس بولدىلار.
بۇزۇپ ئەھدى قىلمايىن،
مېنى بەرمەس بولدىلار.

ئانارىمدىن شاھزادەم
ئەندى تەرمەس بولدىلار.
خۇدا ھەققى جاللادلار،
ئازار بەرمە يارىمغا.

دەپ يالۋارىپ يىغلادى. تازنىڭ ئاچچىغى كېلىپ تەبىب پادشاھنى قارا خاننىڭ قاشىغا ئېلىپ يۈردى. قارا خان شاھزادەنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. جاللادلار شاھزادەنى شەھىد قىلدى. زۆھرا خانىم ئېشىتىپ بىخۇد بولۇپ يىقىلدى. تا خۇپتەن نامازغىچە ياتتى، ئاندىن ھوشىغا كېلىپ گۈلچەملەدىن سورادىكىم:

— شاھزادەنىڭ ئۆلۈكىنى نېمە قىلدى؟ — دېدى. گۈلچەملە، گۈلەندەملەر ئايتتى:

— ياتادۇر، — دەپ. زۆھرا خانىم تېز ئۆي قىزلارنى ئېبەرتىپ شاھزادەنىڭ جەسەدىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ زار ـ زار يىغلادى. ئاخىرى ئۆزىنىڭ مەردى كەلانىدىن سورادىكىم:

— ھېچبىر ئۆلۈك تىرىلادۇرغان ئەمەل بارمۇ؟ — دەپ. مەردى كەلان ئايتتى:

— قىرىق كېچە ئۆخلىماي تەلەپ قىلسا، ئاللاتائالا يۈھيى ۋە يۈمىتدۇر، تىرىلسە ئەجەب ئەمەسدۇر، — دېدى. زۆھرا خانىم نەچەند كېچەدە بىدار بولۇپ، بىر كۈنى ئىشىككە چىقسا، بىر كەنىزەك قارا كېگىزنى يۇيۇپ ياتىپدۇر، زۆھرا خانىم ئايدى:

— ئەي موما، قارا كېگىزنى يۇغان بىرلە ئاقارامۇ؟ — دېدى. مۇماي ئايدى:

— ئەي مەلىكەم، ئۇخلاماغان بىلەن ئۆلۈك تىرىلەرمۇ؟ — دەپ ئېدى، زۆھرا خانىمنىڭ كۆڭلىگە تەرەددۇد چۈشۈپ، شاھزادەنى دەفن قىلدۇردى. ئۈستىگە گۈنبەزى ئالىي بەنا قىلدۇردى. ئىشىك قويدۇردى. نەچەند كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تاز پادشاھ قارا خاننى خىجىل قىلدىكى، ۋەئدەگە ۋەفا قىلمادى، دەپ. پادشاھ يارلىق قىلدى، تويىنىڭ جابدۇغىنى قىلغىلار، دەپ.

زۆھرا خانىم ئېشىتىپ زار ـ زار يىغلاپ باشىنى سەجدىگە قويۇپ ئايدىكى:

— خۇدايا، ئۆزۈڭگە تۇۋنادۇرسەن، مېنى تەبىب پادشاھقا بەرمەككە ۋەئدە قىلىپ ئەھدى ـ پەيمان قىلىپ ئىكەن. ھالا بۇ كۈن بولغاندا ئاتام ۋەئدەسىنى بۇزۇپ بىر تازغا بېرۇر بولۇپدۇر. خۇدايا، مېنى شاھزادەگە يەتكۈزگەيسەن، — دەپ تاڭ ئاتقۇنچە ئۆرە تۇرۇپ تەلەپ قىلدى. ئەرتەسى ئۆي قىزلارى بىرلە تەبىب پادشاھنىڭ گۈنبەزىگە باردى. گۈنبەز يارىلدى، شاھزادەنىمۇ ئەيىيانە كۆردى. زۆھرا خانىمنىڭ سەبرى ـ قەرارى قالمادى، ئۆزىنى شاھزادىنىڭ ئۈستىگە تاشلادى، جان بەردى. قىزلار بۇ ھالنى كۆرۈپ يۇگۇرۇشۇپ كېلىپ پادشاھقا، ئاناسىغا خەبەر قىلدى.

پادشاھ خاتۇنى بىرلە تېز كېلىپ كۆردىكى گۈنبەز ئەۋۋەلقىدەك بولۇپدۇر. ئاتا ۋە ئانا ھەر ئىككىسى پۇشايمان يەپ، زار ـ زار يىغلادى، پايدا بەرمىدى. تاز پادشاھدىن يامانلاپ ئاش ـ ناندىن قالىپ ئۆلدى. قارا خان ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى زۆھراخان فەرزەندىنىڭ فىراقىدا يىغلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى ۋەفات بولدى. قىسسەئى زۆھرا خانىم تەمام بولدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئىلى رادىيو ئىستانسىسىدىن دەپ ئېلىشقا چىققان)

# گۇننار ياررىڭ نەشرگە تەييارلىغان چاغاتايچە يېزىقتىكى قول يازما

## ئوغرىسىز شەھەر*



نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: قولىمىزدىكى «ئوغرىسىز شەھەر» (The Thieflesscity) دېگەن بۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما ھازىر شىۋېتسىيە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى (Oriental Manuscripts in The Library of Lund) دە ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ساقلىنىش رەت نومۇرى Prov 460، ھەجمى 35 cm×22؛ بۇ قول يازما تۆت ۋاراق قوپال قەغەزگە يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئەينى دەۋردە گوستاف راكۇت (Gustav Raquette) قەشقەردىن ئېلىپ كەتكەن. يىل دەۋرى جەھەتتىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەۋە، كېيىن بۇ ئەسەر گۇننار ياررىڭ (Gunnar Jarring) تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىغان ئەسەر «ئوغرىسىز شەھەر، تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە» (The Thiefless City, The Contest between Food and Throat) دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 ـ يىلى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان. مەن ئۆتكەن يىلى گېرمانىيە فرانكفۇرت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا فاكۇلتېت كۇتۇپخانىسىدىن گۇننار ياررىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش جەريانىدا بۇ ئەسەرنى كۆپەيتىۋالدىم. كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېقىنقى زاماندىن ھازىرقى زامانغا بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىنى بىرقەدەر تولۇق ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەكلەر ئۇستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك ماتېرىياللىق قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، گۇننار ياررىڭنىڭ كىتابى ئاساسىدا بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىدىم.



لطیفه دیکان کتابدا بر حکایت بارکه بر وقتیدا بر ایشان کشی بار ایردی
اینینک بر شاکردی بار اردی بو ایشان بر وقتیده شاکردنی الیب باشقه
بر شهرکه باردی اول شهردا خاصی کیه دورکان ویپه دورکان وانچه دور
کان نرسه لاردا بیمه نینک نرخی اوخشاش ایردی ویمان یخشی
نینک هیچ فرق یوق اردی بو ایشان شهرنینک موندغ ایشینی کو
روب شاکردیغه بو شهر نینک آدم لاری بتمام آحمق نادان ایکان
بیز بو یرده تورمای لی دیب ایدی شاکرد ایتی من موندغ یخشی شهر
دین کتمیمن دیب اونامدی بو ایشان خپا بولوب شاکردیکه تا طلاب
اوز یورتیغه یانیب کتتی اما بر سوز ایشیت ماککه بو شهردا بر اوغری
بار اردی بو اوغری بر کیچه دا اوغورلوقغه چیقیب بر بای نینک اوکزه سی
کا چیقتی ناکاه بو اوکزه دا اوغری نینک پوتی سیغیلیب کتتی پوتی سینغ
ان سی بو اوغری پادشاهغه عرض قیلیب ایتیکه من بو کیچه دا اوغور
لیقغه چیقیب ادیم فلانی بای نینک اوکزه سیکا چیقسام مینک
پوتوم سینیب کتتی بو شهر اهلی اوغری سیز قالدی دیب عرض
قیلدی پادشاه بو سوزنی آنکلاب ایکی داسوول نی بوروب بای نی الیب
کلدی بای کا پادشاه ایتی ایبای سیز اوکزه کینزنی نیمه کا مهکم یاقتور
مادیکیز بو اوغری نینک پوتی سیز نینک اوکزه کینزدا سنیب دور بو شهر
اهلی اوغری سیز قیلیب دور دیب پادشاه بایغه کلای دی بای ایتی من
اوکزامنی پیخته یاپینک لار دیب یخشی یغاچ الیب بر دیب ایدیم یغاچی لار
نی بر ده قیبیش لیقیلیب شوندغ بوشقیلیب سیپ دور دیدی پادشاه ایتی
اندغ را بست ایتمدور بار دیب یغاچچی نی الیب کلینک لار دیب امر قیلدی

ئوقۇلغۇسى:

لەتىفە دېگەن كىتابدا بىر ھېكايەت باركى، بىر ۋەقتىدە بىر ئىشان كىشى بار ئەردى، ئانىڭ بىر شاگىردى بار ئەردى، بۇ ئىشان بىر ۋەقتىدە شاگىردنى ئالىپ باشقا بىر شەھەرگە باردى، ئول شەھەردە خاھى كىيەدۇرگان ۋە يېيدۇرگان ۋە

* گۇننار ياررىڭ نەشرگە تەييارلىغان چاغاتايچە يېزىقتىكى قول يازمىغا ئاساسەن ئىشلەندى.

ئىچەدۇرگان نەرسىلەردە ھەممەنىڭ نەرخى ئوخشاش ئەردى ۋە يامان ياخشىنىڭ ھېچ فەرقى يوق ئەردى. بۇ ئىشان شەھەرنىڭ مۇنداغ ئىشىنى كۆرۈپ، شاگىردىغە: « بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بەتەمام ئاھماق، نادان ئىكەن، بىز بۇ يەردە تۇرمايلى» دەپ ئېدى، شاگىرد ئايتتى: « مەن مۇنداغ ياخشى شەھەردىن كەتمەسمەن» دەپ ئۇنامادى. بۇ ئىشان خاپا بولۇپ شاگىردىنى تاشلاپ ئۆز يۇرتىغە يانىپ كەتتى. ئەمما بىر سۆز ئېشتمەككى، بۇ شەھەردە بىر ئوغرى بار ئەردى، بۇ ئوغرى بىر كېچەدە ئوغۇرلۇققە چىقىپ، بىر باينىڭ ئۆگزەسىگە چىقتى، ناگاھ بۇ ئۆگزەدە ئوغرىنىڭ پۇتى سىغىلىپ كەتتى، پۇتى سىندى. ئەرتەسى بۇ ئوغرى پادشاھغە ئەرز قىلىپ ئايتتىكى: « مەن بۇ كېچەدە ئوغۇرلىققە چىقىپ ئېدىم، فەلانى باينىڭ ئۆگزەسىگە چىقسام، مېنىڭ پۇتۇم سىنىپ كەتتى، بۇ شەھەر ئەمدى ئوغرىسىز قالدى.» دەپ ئەرز قىلدى. پادشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىككى رەساۋال (يەساۋۇل)نى بۇرۇپ باينى ئالىپ كەلدى، بايگا پادشاھ ئايتتى: « ئەي باي، سىز ئۆگزەڭىزنى نېمىگە مەھكەم يافتۇرمادىڭىز؟ بۇ ئوغرىنىڭ پۇتى سىزنىڭ ئۆگزەڭىزدە سىنىپدۇر، بۇ شەھەر ئەمدى ئوغرىسىز قېلىپدۇر.» دەپ پادشاھ بايغە كايىدى، باز (1) باي ئايتتى: « مەن ئۆگزەمنى پۇختە ياپىڭلار دەپ ياخشى يىغاچ ئالىپ بېرىپ ئېدىم، يىغاچچىلار مەن بىرلە قىيىشلىق قىلىپ شۇنداغ بوش قىلىپ يېپىپدۇر.»دېدى. پادشاھ ئايتتى: «ئانداغدا راست ئايتىدۇر، بارىپ يىغاچچىنى ئالىپ كېلىڭلار!» دەپ ئەمرە قىلدى. رەساۋاللار (ياساۋۇللار) بارىپ يار كوچەدىن روزە ئاخۇن يىغاچچىنى ئالىپ كەلدى. پادشاھ يىغاچچىغا ئايتتى: « سەن بۇ باينىڭ ئۆگزەسىگە يىغچىكى (ئىنچىكە) يىغاچ سېلىپ بوش ياپىپسەن، نېمە ئۈچۈن مەھكەم ياپمادىڭ؟» دېدى. ياغاچچى ئايتتى:« مەن مەھكەم ياپىپ ئەردىم، دىلكار لايىنى نەفس سالىپدۇر، ئانىڭ ئۈچۈن ئوغرىنىڭ پۇتى سىغىلىپ سىنىپدۇر، مەندە ھېچ گۇناھ يوق.» دېدى. پادشاھ ئايتتى: «راست ئايتادۇر، بارىپ دىلكارنى تاپىڭلار! » دەپ ئەمىر قىلدى، رەساۋاللار بارىپ چەھارسۇ كۆلدىن ئىسلام ئاخۇن دىلكارنى ئالىپ باردى، پادشاھ دىلكارغا قايلاپ ئاچىق بىرلە ئايتتى:«ئەي دىلكار، سەن نېمىگە لايىنى نەفس سالدىڭ؟ بۇ ئوغرىنىڭ ئۆگزەگە چىقىپ پۇتى سىغىلىپ سىنىپدۇر.» دېدى. دىلكار پادشاھغا تەئزىم قىلىپ ئايتتى: « ئەي پادشاھى ئالەم، مەن لايىنى قىلىن


رساوال‌لار بارىب يار كوچه‌دين روزه اخون يغاچچىنى اليب كلدى پادشاه يغاچچغه
ايتى سن بو باى نينك اوكزه سيغه ينكيچكى يغاچ سليب بوش ياپيب سن
نيمه اوچون محكم ياپمادينك ديدى ياغاچچى ايتى من محكم ياپيب اردىم
ديلكار لاى نى ... نفس ساليب دور انينك اوچون اوغرى نينك
پوتى سيغليب سينيب دور منده هيچ كناه يوق ديدى پادشاه ايتى
راست ايتادور باريب ديلكارنى تاپينك‌لار ديب امر قيلدى رساوال
لار باريب چهارسو كول‌دين اسلام اخون ديلكارنى اليب باردى پادشاه
ديلكارغه قايلاب اچيق برلا ايتى اى ديلكار سن نيمه كا لاى نى نفس سال
دينك بو اوغرى نينك اوكزه كا چقيب پوتى سغليب سينيب دور ديدى
ديلكار پادشاه غه تعظيم قيليب ايتى اى پادشاه عالم من لاى نى قلين
ساليب ايديم بورا چى بورانى نفس توقوب ايكان انينك اوچون
بو اوغرى نينك پوتى سيغليب سينيب دور منده هيچ كناه يوق ديدى پادشاه
ايتى انداغ بولسه راست ايتادور باريب بوراچىنى اليب كلينك لار
ديب امر قيلدى باز رساوال‌لار باريب شرف خانه‌دين چوارمت
بوراچىنى اليب كلدى پادشاه بوراچىنى كوروب غضب آچيق برلا ايتى اى
بوراچى سن من‌دين قورقمادينك موكه بورانى نفس توقوب سن
بو باى سن‌دين الغان بورانى اوكزه سيغه يافتوروب ايكان بورانينك
نفس ليكى اوچون اوغرى نينك پوتى سيغليب سينيب دور بو شهر اوغرى
سيز بولمادى موديب اردى بوراچى ايتى من بورانى قلين توقوب ايديم
من بوره توقوب اولتوريب ايدم بر كبوتر باز كپتر اوچوركان ايكان من
انينك اسمان دا اوچغان كبوترلارى يغقارلاب اولتوروب توقوغان ايكان
من انينك اوچون مينينك بورام نفس بولوب قالغان دور ديدى

سالىپ ئېدىم، بوراچى بورانى نەفس توقۇپ ئېكەن، ئانىڭ ئۈچۈن بۇ ئوغرىنىڭ پۈتى سىغىلىپ سىنىپدۇر، مەندە ھېچ گۇناھ يوق.» دېدى، پادىشاھ ئايىتتى: «ئانداغ بولسا، راست ئايتىدۇر، بارىپ بوراچىنى ئالىپ كېلىڭلار!» دەپ ئەمىر قىلدى، باز رەساۋۇللار بارىپ، شەرەف خانەدىن چاۋار مەمەت بوراچىنى ئالىپ كەلدى، پادىشاھ بوراچىنى كۆرۈپ غەزەب ئاچىق بىرلە ئايىتتى: «ئەي بوراچى، سەن مەندىن قورقمادۇڭمۇكى، بورانى نەفس توقۇپسەن، بۇ باي سەندىن ئالغان بورانى ئۆگزەسىنى يافتۇرۇپ ئېكەن، بۇ بورانىڭ نەفسلىكى ئۈچۈن، ئوغرىنىڭ پۈتى سىغىلىپ سىنىپدۇر، بۇ شەھەر ئوغرىسىز بولمادىمۇ؟» دەپ ئەردى. بوراچى ئايىتتى: «مەن بورانى قېلىن توقۇپ ئېدىم، مەن بورا توقۇپ ئولتۇرسام، بىر كەبۇتەرباز كەپتەر ئۇچۇرغان ئېكەن، مەن ئانىڭ ئاسماندا ئۇچقان كەبۇتەرلەرىگە قاپلاپ ئولتۇرۇپ توقىغان ئېكەنمەن، ئانىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بورام نەفس بولۇپ قالغاندۇر.» دېدى. پادىشاھ ئايىتتى: «ئارى، راست ئايتادۇر، كەبۇتەرباز كەبۇتەرنى ئۇچۇرماسا بۇ ئۇنىڭ كەبۇتەرىگە قايلاماس ئەردى، يەنە بۇنىڭ بوراسى نەفس بولماس ئەردى، بارىپ كەبۇتەربازنى ئالىپ كېلىڭلار!» دەپ ئەمرى قىلدى ۋە رەساۋۇللار بارىپ سەھرادىن بۇ كەبۇتەربازنى ئالىپ كەلدى، پادىشاھ غەزەب بىرلە قايلاپ كەبۇتەربازغە ئايىتتى: «سەن بۇ كەبۇتەرىڭنى نېمىشقا ئۇچۇردۇڭ؟ سېنىڭ كەبۇتەرلارىڭغە قايلاپ بۇ بورانى نەفس توقۇپ بىر ئوغرىنىڭ پۈتىنىڭ سىنىشىگە سەبەب بولدۇڭ، بۇ شەھەر ئوغرىسىز قالدى.» دېدى، كەبۇتەرباز ئايىتتى: «ئارى، مەن كەبۇتەرىمنى ئۇچۇماپ ئېدىم، بىر باخشى تەبلباز چالىپ ئېدى، مېنىڭ كەبۇتەرلەرىم بۇ باخشىنىڭ تەبلبازىنىڭ ئۈنىدىن يۈكۈپ ئۇچۇپ كەتتى، مەندە ھېچ گۇناھ يوقتۇر.» دېدى، پادىشاھ ئايىتتى: «ئارى، راست ئايتىدۇر، بارىپ باخشىنى ئالىپ كېلىڭلار!» دەپ بۇيۇردى. باز رەساۋۇللار بارىپ توغراق تۈبى مەھەللەسىدىن بەھاۋىدىن ئاخۇن باخشىنى ئالىپ كەلدى، باز پادىشاھ باخشىگە ئايىتتى: «سەن دۇمباقنى چالماساڭ بولماسمىدى؟ بۇ كەبۇتەرلەر سېنىڭ دۇمباقىڭنىڭ ئاۋازىدىن يۈكۈپ ئۇچۇپ كەتكەن ئېكەن، بۇ كەبۇتەرلەرنىڭ ئۇچقانىغە قايلاپ قېلىپ بوراچى بورانى نەفس توقۇپدۇر، ئانىڭ ئۈچۈن بۇ ئوغرى ئۆگزەگە چىقىپ پۈتى سىغىلىپ سىنىپدۇر، باھانەسى سەن ئېكەنسەن!» دەپ ئەردى. باخشى ئۆز

پادشاه ایتی آری راست ای تا دور کبوترباز کبوترنی اوچورماسه بو نینک کبوترغه
قایلاماس اردی ینه بو نینک بوراسی نفس بولماس اردی باریب کبوترباز
نی الیب کلینگلار دیب امری قیلدی و رساوال لار باریب صحرادین
بو کبوترباز نی الیب کلدی پادشاه غضب برله قایلاب کبوتربازغه ایتی سن
بو کبوتریڭنی نمیشقا اوچوردونک سینینک کبوترلارینک کا قایلاب بو
بورانی نفس توقوب بر اوغری نینک پوتی نینک سینیشیغه سبب بولدونک
بو شهر اوغریسیز قالدی دیدی کبوترباز ایتی آری من کبوتریمنی
اوچوماب ایدیم بر باخشی طبلباز چلیب ایدی مینینک کبوترلاریم بو
باخشی نینک طبلبازی نینک اونیدین یوکوب اوچوب کتی من دا ھیچ
گناه یوقتور دیدی پادشاه ایتی آری راست ایتدور باریب باخشی نی الیب
کالینگلار دیب بویوردی باز رساوال لار باریب توغراق توبی محله سی
دین بهاودین آخون باخشی نی الیب کلدی باز پادشاه باخشی کا ایتی
سن دومباقنی چالماسانک بولماسمیدی بو کبوترلار سینینک دومباقینک
نینک آوازیدین یوکوب اوچوب کتکان ایکان بو کبوترلارنینک اوچقا
نیغه قایلاب قیلیب بوراچی بورانی نفس توقوبدور انینک اوچون بو
اوغری اوگزه کا چقیب پوتی سیغلیب سینیبدور بهانه سی سن ایکان
سن دیب اردی باخشی گناهی نی بوینیغه الیب شوک توردی پادشاه
جلادلارنی چقیریب ایتی بو باخشی نی الیب چقیب دارغه تارتینک لار
دیب امر قیلدی جلادلار باخشی نی باغلاب دار توبی کا الیب باردی لار
باخشی نینک قدی اگیز اردی دارنینک بویی کا برابر کلمدی القصه جلاد
لار باریب پادشاه کا عرض قیلدی که باخشی دارکا اگیز کلدی بونی قایداغ قیلا


مېنى دېمەس پادشاه ایتی انداغ بولسه کیم نینگ بویی دارکا راست برابر
کلسه شونی دارغه تارتینگلار دیب امر قیلدی جلادلار یانیب دار
طرفیغه کتیب بارور ایدی اول ایشان نینگ شاکردی اوچراب قالدی
جلاد بو آدم کا قایلاب کوردیکه بو آدم دارکا نهایت لایق ایکان جلاد
لار بو آدم نی توتتیلار بو آدم قورقوب ایتی منی نیمه قیلاسیزلار نیمه
گناه قیلدیم دیدی جلادلار ایتی سینینگ هیچ گناهینگ یوقتور اما
باخشی کا اولوم گناهی توختاب ایدی اینینگ بویی اوزون ایکان
دارکا راست کلمادی اینینگ اوچون پادشاهیمیز بویوردیکه کیم نینگ
بوی قدی راست کلسه شول آدم نی اینینگ اورنیغه دارکا تارتینگلار
دیب بویوردی دیدی القیصه بو آدم ایتی بو مینینگ جزا ایمدورکه
من اوستادیم نینگ سوزیکا اونومادیم دیب خداغه یغلاب ایدی
شول زمان اوستادی آلدی کا حاضر بولوب جلاد نینگ الدی نی توستی
ایتی که بو آدم نی نیمه قیلاسیزلار مونی قویوب بیرینگلار. بو آدم سلسله مول
اعزا تن دوروس ایکان بونینگ موافقیدا من سیزلارکه بر آدم کور
سیتی دیدی اول وقت جلادلار دارنینگ تویبی کا باردی اول ایشان پوتی
سینکان اوغری نی کوروب بو آدم دارغه لایق ایکان پوتی سینیدور
عیب دار بولوب دور امدی بو ادم نی دارکا تارتینگلار دیدی جلاد
لار بو اوغری نینگ بوینیغه دارنینگ تاسماسینی سالدی بو اوغری
ایتی درحال بولوبکلار منی دارکا تارتینگلار دیب نهایت ایضطراب برله
الدیراتدی اول وقت جلادلار ایتی که سن جیب نیمه سارانگ بولدونگ
مونی آدم اولوم نی کورسه قاچادور سن اولوم کا نیمه اوچون الدیرای
سن دیدی اوغری ایتی مینینگ کا خدا تعالی الهام بولدیکه من سنی
جنت کا پادیشاه قیلدیم دیدی من باریب جنت کا پادشاه بولورمن

گۇناھىنى بوينىغا ئالىپ شۇك تۇردى، پادشاھ جالladلارنى قىچقىرىپ ئايتتى: « بۇ باخشىنى ئالىپ چىقىپ دارغا تارتىڭلار!» دەپ ئەمر قىلدى، جالladلار باخشىنى باغلاپ دار تۇبىگە ئالىپ باردىلار، باخشىنىڭ قەددى ئېگىز ئەردى، دارنىڭ بويىغە بەرابەر كەلدى. ئەلقىسسە، جالladلار بارىپ پادشاھقە ئەرز قىلدىكى: «باخشى دارغا ئېگىز كەلدى، بۇنى قايداغ قىلامىز؟» دېدى، پادشاھ ئايتتى: « ئانداغ بولسا، كىمنىڭ بويى دارگە راست بەرابەر كەلسە، شۇ كىشىنى دارغە تارتىڭلار!» دەپ ئەمر قىلدى. جالladلار يانىپ دار تەرەپىغە كېتىپ بارۇر ئېدى، ئۇل ئىشاننىڭ شاگىردى ئۇچراپ قالدى، جالlad بۇ ئادەمگە قايلاپ كۆردىكى، بۇ ئادەم دارگە نەھايەتى لايىق ئېكەن، جالladلار بۇ ئادەمنى تۇتتىلار، بۇ ئادەم قورقۇپ ئايتتى: «مېنى نېمە قىلاسىزلەر؟ نېمە گۇناھ قىلدىم؟» دېدى. جالladلار ئايتتى: « سېنىڭ ھېچ گۇناھىڭ يوقتۇر. ئەمما، بىر باقشىغا ئۆلۈم گۇناھى توختاپ ئېدى، ئانىڭ بويى ئۇزۇن ئېكەن، دارگە راست كەلمەدى، ئانىڭ ئۈچۈن پادشاھىمىز بۇيۇردىكى، كىمنىڭ بوي - قەددى راست كەلسە، شول ئادەمنى ئانىڭ ئورنىغا دارگە تارتىڭلار! دەپ بۇيۇردى.» دېدى. ئەلقىسسە، بۇ ئادەم ئايتتى: « بۇ مېنىڭ جەزايىمدۇركى، مەن ئۇستادىمنىڭ سۆزىگە ئۇنۇمادىم.» دەپ خۇداغە يىغلاپ ئېدى، شول زەمان ئۇستادى ئالدىگە ھازىر بولۇپ جالladنىڭ ئالدىنى توستى، ئايتتىكى: « بۇ ئادەمنى نېمە قىلاسىزلەر؟ مۇنى قويۇپ بېرىڭلار، بۇ ئادەم سىللە مول ئاغىز، تەن دۇرۇس ئېكەن، بۇنىڭ مۇۋاپىقىدا مەن سىزلەرگە بىر ئادەم كۆرسىتەي» دېدى. ئۇل ۋەقت جالladلار دارنىڭ تۈبىگە باردى، ئۇل ئىشان پۇتى سىنگەن ئوغرىنى كۆرۈپ: « بۇ ئادەم دارغە لايىق ئېكەن، پۇتى سىنىپدۇر، ئەيىبدار بولۇپدۇر، ئەمدى بۇ ئادەمنى دارگە تارتىڭلار.» دېدى. جالladلار بۇ ئوغرىنىڭ بوينىغە دارنىڭ تاسماسىنى سالدى، بۇ ئوغرى ئايتتى: « دەرھال بولۇڭلار، مېنى دارگە تارتىڭلار!» دەپ نەھايەتى ئىزتىراب بىرلە ئالدىراتتى، ئۇل ۋەقت جالladلار ئايتتىكى: « سەن جىن سارالڭ بولدۇڭمۇ؟ بىر ئادەم ئۆلۈمنى كۆرسە قاچادۇر، سەن ئۆلۈمگە نېمە ئۈچۈن ئالدىرايسەن؟» دېدى، ئوغرى ئايتتىكى: « مېنىڭگە خۇدايى تەئالادىن ئەمر بولدىكى، مەن سېنى جەننەتكە پادشاھ قىلدىم، دېدى. مەن بارىپ جەننەتكە پادشاھ بولۇرمەن، ئەي جالladلار مېنى دەرھال دارغە تارتىڭلار!»

ای جلادلار منی درحال دارغه تارتینگلار دیدی جلادلار بو سوزنی انگلاب
یلام پادشاهنینک الدیکا باردی پادشاهغه تعظیم قیلیب ایتتی
ای پادشاهی عالم بو اوغری دارکا تارتیلغالی نهایتی الدا ایدور اولوم
کا نیمه مونچه الدا دای سن دیباک ایتادورکه منی خدای تعالی جنت
کا پادشاه قیلیب داردا اولگانیم اوچون خدا منی اولوغ قیلدی دایدور
بو سوزنی جنابلاریکا انگلاتکالی کلدوک دیدی القیصه پادشاه بو
سوزنی انگلاب ایتتی که یخشی قیلیب سیزلار انداغ بولسه من اوزوم
بارورمن دیب پادشاه اوزی اطلانیب دارتوبه‌کا کلدی لار پادشاه اوغری
کا ایتتی که من بو شهرنینک پادشاهی بولسام بهشتکا من پادشاه بولمای
سن پادشاه بولورموسن امدی سن مینینک اورنومکا پادشاه بولغیل
سینینک اورنونکدا من داردا اولوب جنتکا اوزوم پادشاه بولور
من دیدی اوغری حیله قیلیب اوزوم پادشاه بولورمن دیب اونوما
دی القیصه پادشاه درغضب بولوب ایتتی که ای جلادلار بو اوغرینی
پادشاه قیلینگلار منی درحال چیست چابوک دارکا تارتینگلار دیب
امر قیلدی جلادلار درحال اوغرینی برطرفکا قویوب پادشاهنی دارکا
تارتیلار آندین کیین شهر خلقی پادشاه اولگاندین کیین بو اوغری
نی پادشاه کوتوروب تخت سلطنتنی اوغریکا بردیلار تمام

دېدى. جاللادلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىلدام پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردى، پادىشاھقا تەئزىم قىلىپ ئېيتتى: «ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ ئوغرى دارغا تارتىلغالى نىھايەتى ئالدارايدۇر، ئۆلۈمگە نېمە مۇنچە ئالدارايسەن؟ دېسەك، ئايتادۇركى، مېنى خۇدايى تەئالا جەننەتكە پادىشاھ قىلدى، داردا ئۆلگەنىم ئۈچۈن، خۇدا مېنى ئۇلۇغ قىلدى، دەيدۇر. بۇ سۆزنى جەنابلارىغا ئاڭلاتقالى كەلدۇق» دېدى. ئەلقىسسە، پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئېيتتىكى: «ياخشى قىلىپسىزلەر، ئانداغ بولسا، مەن ئۆزۈم بارۇرمەن.» دەپ پادىشاھ ئۆزى ئاتلىنىپ دار تۈۋىگە كەلدىلەر، پادىشاھ ئوغرىغا ئېيتتىكى: «مەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بولسام، بەھىشتتە مەن پادىشاھ بولماي سەن پادىشاھ بولۇرمۇسەن؟ ئەمدى سەن مېنىڭ ئورنۇمغا پادىشاھ بولغىل، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن داردا ئۆلۈپ، جەننەتكە ئۆزۈم پادىشاھ بولۇرمەن» دېدى. ئوغرى ھىيلە قىلىپ، ئۆزۈم پادىشاھ بولۇرمەن، دەپ ئۇنۇمادى. ئەلقىسسە، پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ئېيتتىكى: «ئەي جاللادلار، بۇ ئوغرىنى پادىشاھ قىلىڭلار، مېنى دەرھال چىست چابۇك دارغا تارتىڭلار!» دەپ ئەمرە قىلدى. جاللادلار دەرھال ئوغرىنى بىر تەرەپكە قويۇپ، پادىشاھنى دارغا تارتتىلار، ئاندىن كېيىن، شەھەر خەلقى پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ئوغرىنى پادىشاھ كۆتۈرۈپ، تەخت ــ سەلتەنەتنى ئوغرىغا بەردىلەر، تەمام.

يەشمىسى:

«لەتىفە» دېگەن كىتابتا مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر زامانلاردا بىر ئىشان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ ئىشان شاگىرتىنى ئېلىپ باشقا بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. بۇ شەھەردە كىيىم ــ كېچەك، يېمەك ــ ئىچمەكلەرنىڭ باھاسى ئوخشاش ئىكەن، ھەتتا ياخشى بىلەن يامانلىقمۇ پەرقى يوق ئىكەن. ئىشان شەھەردىكى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ شاگىرتىغا:

ــ بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەخمەق، نادان ئىكەن، بىز بۇ يەردە تۇرمايلى، ــ دەپتۇ. شاگىرتى:

— مەن مۇنداق ياخشى شەھەردىن كەتمەيمەن، — دەپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. ئىشان خاپا بولۇپ شاگىرتىنى تاشلاپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئەمدى تۆۋەندىكىلەرگە قۇلاق سېلىڭ.

بۇ شەھەردە بىر ئوغرى بار بولۇپ، ئۇ بىر كېچىسى ئوغرىلىققا چىقىپتۇ، ئۇ بىر باينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ پۇتى ئۆگزىگە سېپىلىپ سۇنۇپتۇ، ئۇ ئەتىسى پادىشاھقا:

— كېچە ئوغرىلىققا چىققانىدىم، پالانى باينىڭ ئۆگزىسىگە چىققاندا پۇتۇم ئۆگزىگە سېپىلىپ سۇندى، شەھەر ئەمدى ئوغرىسىز قالىدىغان بولدى، — دەپ ئەرز قىپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئىككى ياساۋۇلنى بۇيرۇپ باينى تۇتۇپ كەپتۇ. پادىشاھ بايغا:

— ئەي باي، سىز نېمىشقا ئۆگزىڭىزنى پۇختا ياپتۇرمىدىڭىز؟ بۇ ئوغرىنىڭ پۇتى سىزنىڭ ئۆگزىڭىزدە سۇنۇپتۇ، بۇ شەھەر ئەمدى ئوغرىسىز قاپتۇ، — دەپ كايىپتۇ. باي:

— مەن ئۆگزەمنى ياخشى يېپىڭلار دەپ ياخشى ياغاچ ئېلىپ بەرگەنىدىم، ياغاچچىلار مەن بىلەن قېرىشىپ ئۆگزىنى بوش يېپىپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— راست دەيدۇ، بېرىپ ياغاچچىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ، ياساۋۇللار بېرىپ كوچىدىن روزى ئاخۇن ياغاچچىنى ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ياغاچچىدىن:

— سەن بۇ باينىڭ ئۆگزىسىگە ئىنچىكە ياغاچ سېلىپ بوش يېپىپسەن، نېمە ئۈچۈن مەھكەم ياپمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ياغاچچى دەپتۇ:

— مەن مەھكەم ياپقانىدىم، لايچى لاينى يۇپقا ساپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغرىنىڭ پۇتى سېپىلىپ سۇنۇپتۇ، مەندە ھېچ گۇناھ يوق. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— راست دەيدۇ، بېرىپ لايچىنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ. ياساۋۇللار بېرىپ چاھارسۇ كۆلىدىن ئىسلام ئاخۇن لايچىنى ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ لايچىغا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— ئەي لايچى، سەن نېمىشقا لاينى يۇپقا سالدىڭ؟ بۇ ئوغرى ئۆگزىگە چىققاندا پۇتى ئۆگزىگە سېپىلىپ سۇنۇپتۇ، — دەپ سوراپتۇ. لايچى پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن لاينى قېلىن سالغان، بورىچى بورىنى يۇپقا توقۇغانىكەن، شۇڭا بۇ ئوغرىنىڭ پۇتى ئۆگزىگە سېپىلىپ سۇنۇپتۇ، مەندە ھېچ گۇناھ يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، ئېيتقىنى ئورۇنلۇق، بېرىپ بورىچىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ. ياساۋۇللار چاۋار مەمەت بورىچىنى ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ بورىچىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپ بىلەن:

— ئەي بورىچى، سەن مەندىن قورقمىدىڭمۇ؟ بورىنى يۇپقا توقۇپسەن، بۇ باي سەندىن ئالغان بورىنى ئۆگزىسىگە ياپتۇرۇپتۇ، بورا يۇپقا بولغاچقا ئوغرىنىڭ پۇتى ئۆگزىگە سېپىلىپ سۇنۇپتۇ، بۇ شەھەر ئوغرىسىز قالدى، — دەپتۇ. بورىچى پادىشاھقا:

— مەن بورىنى قېلىن توقۇغانىدىم، بورا توقۇپ ئولتۇرسام بىر كەپتەرۋاز كەپتەر ئۇچۇرۇۋاتقانىكەن، مەن ئۇنىڭ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ توقۇپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن بورام يۇپقا بولۇپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ دەپتۇ:

— سۆزى ئورۇنلۇق، كەپتەرۋاز كەپتەر ئۇچۇرمىسا ئۇ كەپتەرلەرگە قارىمىغان بولاتتى، بورىسىمۇ

يۇپقا بولمايتتى، بېرىپ كەپتەرۋازنى ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دەپ ئەمر قىپتۇ. ياساۋۇللار سەھرادىن كەپتەرۋازنى ئېلىپ كەپتۇ، پادشاھ كەپتەرۋازغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ:

ــ سەن كەپتەرلىرىڭنى نېمىشقا ئۇچۇردۇڭ؟ سەن كەپتەرلىرىڭنى ئۇچۇرۇپ، بۇ بورىچىنىڭ كەپتەرلىرىگە قاراپ بورىنى يۇپقا توقۇپ قويۇشىغا، بۇ ئوغرىنىڭ پۇتىنىڭ سۇنۇشىغا سەۋەبچى بولدۇڭ، بۇ شەھەر ئوغرىسىز قالدى، ــ دەپتۇ. كەپتەرۋاز جاۋابەن پادشاھقا:

ــ مەن ئەسلى كەپتەرلىرىمنى ئۇچۇرمىغاندىم، بىر باخشى دۇمباق چالغاندى، كەپتەرلىرىم دۇمباقنىڭ ئاۋازىدىن ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى، مەندە ھېچ گۇناھ يوق، ــ دەپتۇ. پادشاھ:

ــ راست دەيدۇ، بېرىپ باخشىنى ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دەپ ياساۋۇللارغا ئەمر قىپتۇ. ياساۋۇللار توغراقتۇۋى مەھەللىسىگە بېرىپ باھاۋۇدىن ئاخۇن باخشىنى ئېلىپ كەپتۇ. پادشاھ باخشىغا:

ــ سەن دۇمباق چالمىساڭ بولماسمىدى، بۇ كەپتەرلەر سېنىڭ دۇمبىقىڭنىڭ ئاۋازىدىن ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بورىچى بۇ كەپتەرلەرگە قاراپ بورىنى يۇپقا توقۇپ قويغاچقا، بۇ ئوغرى ئۆگزىگە چىققاندا پۇتى ئۆگزىگە سىيىلىپ كېتىپ سۇنۇپتۇ، بۇنىڭغا سەن باھانە بوپسەن، ــ دەپتۇ. باخشى گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ شۈك تورۇپتۇ. پادشاھ جاللاتلارنى چاقىرىپ:

ــ بۇ باخشىنى ئېلىپ چىقىپ دارغا تارتىڭلار، ــ دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار باخشىنى باغلاپ دار تۈۋىگە ئەكەپتۇ، باخشىنىڭ ئېگىز بويى دار بىلەن تەڭ كەپتۇ.

ئەلقىسسە، جاللاتلار پادشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ باخشىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىنى، دار بىلەن تەڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادشاھ بۇنى ئاڭلاپ:

ــ بۇنى ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنداق بولسا، كىمنىڭ بويى دارغا مۇۋاپىق كەلسە شۇ كىشىنى دارغا تارتىڭلار، ــ دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار قايتىپ دار تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، ھېلىقى ئىشاننىڭ شاگىرتى ئۇچراپ قاپتۇ، جاللاتلار بۇ ئادەمگە قاراپ، بۇ ئادەمنىڭ بويىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تۇتۇپتۇ. بۇ ئادەم ھودۇققىنىچە:

ــ مېنى نېمە قىلىسىزلەر، نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ــ دەپتۇ. جاللاتلار جاۋابەن:

ــ سېنىڭ ھېچ گۇناھىڭ يوق، ئەمما بىر باخشى ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانىدى، ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا، بويى دارغا مۇۋاپىق كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن پادشاھىمىز كىمنىڭ بويى مۇۋاپىق كەلسە شۇنى باخشىنىڭ ئورنىغا دارغا ئېسىشىمىزنى بۇيرۇدى، ــ دەپتۇ.

ئەلقىسسە، بۇ ئادەم:

ــ بۇ مېنىڭ جازايىمدۇر، مەن ئۇستازىمنىڭ سۆزىگە ئونىمىدىم، ــ دەپ يىغلىغىنىچە خۇداغا نالە قىپتۇ. شۇ زامان ئۇستازى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ، ئۇستازى جاللاتلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

ــ بۇ ئادەمنى نېمە قىلىسىزلەر؟ ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، بۇ ئادەمنىڭ بەش ئەزاسى ساق ئىكەن، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بىر ئادەمنى سىزلەرگە كۆرسىتەي، ــ دەپتۇ، بۇ چاغدا جاللاتلار دارنىڭ تۈۋىگە كەلگەنىكەن، ئىشان پۇتى سۇنغان ئوغرىنى كۆرۈپ:

ــ بۇ ئادەم دارغا لايىق ئىكەن، پۇتى سۇنۇپتۇ، ئەيىبدار بوپتۇ، ئەمدى بۇ ئادەمنى دارغا تارتىڭلار، ــ

دەپتۇ. جاللاتلار بۇ ئوغرىنىڭ بويىنىغا دارنىڭ تاسمىسىنى سېپتۇ، ئوغرى:

— دەرھال بولۇڭلار، مېنى دارغا تارتىڭلار، — دەپ تەقەززالىق بىلەن ياساۋۇللارنى ئالدىراتقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا جاللاتلار ئۈنىڭدىن:

— سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ، بىر ئادەم ئۆلۈمنى كۆرسە قاچىدۇ، سەن ئۆلۈمگە نېمە ئۈچۈن ئالدىرايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بېرىپ جەننەتكە پادشاھ بولىمەن، ئەي جاللاتلار، مېنى دەرھال دارغا تارتىڭلار، — دەپتۇ ئوغرى. جاللاتلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەرھال پادشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ھەممە پادشاھقا تەزىم قىلىپ:

— ئەي پادشاھى ئالەم، بۇ ئوغرى دارغا تارتىلغىلى بەك ئالدىرايدۇ، «ئۆلۈمگە نېمانچە ئالدىرايسەن» دېسەك، «خۇدايىتائالا مېنى جەننەتكە پادشاھ قىلدى، داردا ئۆلگىنىم ئۈچۈن خۇدا مېنى ئۇلۇغ قىلدى» دەيدۇ، بۇ سۆزنى جانابلىرىغا ئېيتقىلى كەلدۇق، — دەپتۇ.

ئەلقىسسە، پادشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— ياخشى قىپسىزلەر، ئۇنداق بولسا مەن ئۆزۈم باراي، — دەپ پادشاھ ئۆزى ئاتلىنىپ دار تۈۋىگە كەپتۇ، پادشاھ ئوغرىغا ئېيتىپتۇ:

— مەن بۇ شەھەرنىڭ پادشاھى تۇرسام، بېھىشتا مەن پادشاھ بولماي سەن پادشاھ بولامسەن؟ ئەمدى سەن مېنىڭ ئورنۇمدا پادشاھ بولغىن، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن داردا ئۆلۈپ، جەننەتكە ئۆزۈم پادشاھ بولاي. ئوغرى ھىيلىگەرلىك قىلىپ ئۆزۈم پادشاھ بولىمەن دەپ پادشاھنىڭ گېپىگە ئۇنىماپتۇ.

ئەلقىسسە، پادشاھ دەرغەزەپ بولۇپ جاللاتلارغا:

— ئەي جاللاتلار، بۇ ئوغرىنى پادشاھ قىلىڭلار، مېنى دەرھال دارغا تارتىڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار دەرھال ئوغرىنى بىر تەرەپكە قويۇپ پادشاھنى دارغا تارتىپتۇ، شەھەر خەلقى پادشاھ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ئوغرىنى پادشاھ قىلىپ كۆتۈرۈپ تەخت ـ سەلتەنەتنى ئوغرىغا بېرىپتۇلەر، تامام.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باشلانغۇچ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)




توپلاپ رەتلىگۈچى: **ھەمت سامساق**

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى «دۇنيانىڭ كىندىكى» دەپ ئاتالغان بىر گۈزەل، شۇنداقلا يۇقرالىرى باي ـ باياشات ياشايدىغان بىر يۇرت بار ئىكەن. بۇ يۇرتنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، تاغ ـ دەريالىرى سۈرەتتەك، ئاۋام غەم ـ غۇسسىسىز، ئىناق، ئىجىل تىرىكچىلىك قىلىدىكەن.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يۇرتنىڭ داڭقى يىراقلارغا كېتىپتۇ. يىراق ئەللەردىكى ئادەملەر كېلىپ بۇ يۇرتنى كۆرۈپ كېتىدىكەن. بۇ ئەلنىڭ پادىشاھىدىن تارتىپ يۇقرالىرىغىچە ناھايىتى مېھماندوست، خۇش چاقچاق، نەغمە ـ ناۋاغا ھېرىس ئىكەن، كۈنلىرىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. دېھقانلىرى بۇغداي، قوناق، ئارپا تېرىپ يەپ بولالماي، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئېشىپ قالىدىكەن. ئۈزۈم، شاپتۇل، ئالما، ئانار، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلىرى يۇرت ـ يۇرتلارغا داڭلىق ئىكەن. ئۇلار ئۇزاق زامانلار شۇنداق بەختلىك ياشاپتۇ. يۇرتنىڭ پادىشاھى قېرىپتۇ، يۇرت سوراش ئوغۇللىرىغا قاپتۇ. باياشات تۇرمۇش داۋاملىشىپتۇ. پادىشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە كەلگەندە، ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق نەسىھەت قىپتۇ:

— باللىرىم، مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرقى چەككە يەتتى، تىرىكلىك ئالىمىدىن يوقلۇق ئالىمىگە سەپەر جابدۇقلىرىم پۈتۈپ قالدى، مېنىڭ 150 يىللىق ھاياتىم ناھايىتى راھەتتە ئۆتتى. مەن نېمە سەۋەبتىن مۇنچە ئۇزۇن ياشىدىم ۋە راھەتتە ئۆتتۈم؟ بۈگۈن مەن سىلەرگە بۇ سىرلارنى ئېيتىپ بېرىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھارۋا تەييارلاپ مېنى يوغان بىر تۈپ توغراقنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار، — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن خىزمەتكارلىرى دەرھال شاھنى مەخسۇس ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئوردىدىن ئېلىپ چىقىپ كۈنچىقىش تامان مېڭىپتۇ. ئۇلار بىرەر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن يوغان بىر تۈپ توغراقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ

شاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شۇ يەردە توختاپتۇ. ياشانغان پادىشاھنى ئوغۇللىرى يۆلەپ چۇشۇرگەندىن كېيىن توغراقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ:

— ئەسسالام، شاھ توغراق! مەن سەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، ماڭا ئاتا قىلغان بارلىق خىسلەتلىرىڭنى ئوغلۇم تارمونغا قالدۇردۇم، ئوغلۇم تارمون مېنىڭ ئورنۇمدا شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقىدەكلا يۇرتۇمنى بوران - چاپقۇندىن قوغدىغىن! جىن - شەيتانلارنى يۇرتۇمغا يولاتمىغىن! قەددىڭنى جىن - شەيتانلارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا ئەگمىگىن! ئەۋلادلىرىم بىتاب بولۇپ قالسا شاپائەت قىلغىن! «ئۆلمەس بۇلاق» سۈيىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرغىن! ئەۋلادلىرىم جەڭ مەيدانىدا ھارغانىدا، بىر ئوتلام سۈيۈڭ ئارقىلىق ئادەملىرىمنى روھلاندۇرغىن! تېنىنى كۆچلەندۇرگىن! ماڭا ئاخىرقى قېتىم ماقۇل بولغىن! كېتىشىمگە ئىجازەت بەرگىن! — دەپ توغراقنىڭ تۈۋىنى قۇچاقلاپ يۇم - يۇم يىغلاپتۇ. شۇ ئەسنادا، توغراقتىن شىلدىرلىغان بىر ئاۋاز چىقىپتۇ، ئاندىن شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغۇللىرىغا:

— ئاۋۇ تەرەپتە بىر بۇلاق بار، مېنى شۇ تەرەپكە ئاپىرىڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار پادىشاھنى يۆلەپ بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈپتۇ، قارىغۇدەك بولسا بۇ يەردە ئېگىز بىر قۇم دۆڭنىڭ تېگىدىن ئاز - ئازدىن تامچىپ چىقىۋاتقان بىر بۇلاق كۆرۈنۈپتۇ، شاھ:

— بالىلىرىم، مۇشۇ بۇلاقتىن بىر ئوتلام سۇ ئىچىمەن، — دەپ بۇلاققا ئېڭىشىپ بىر ئوچۇم سۇنى غورتتىدە يۇتۇپ بولۇپ ياشلاردەكلا دىككىدە تۇرۇپ تۆت تەرەپكە قاراپتۇ ۋە:

— بالىلىرىم، بۇ بۇلاقنى ماڭا شاھ ئاتام قالدۇرغان، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئاشۇ توغراقنىڭ يىلتىزى بىلەن بىرتۇتاش، بۇلاق سۈيىنى ئىچكەن ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. راسا ھارغان چېغىڭدا ھاردۇقۇڭ چىقىپ روھلىنىپ، كۆچۈڭ ئۇرغۇپ تاشىدۇ. قېنى ئوغلۇم، تارمون ئالدى بىلەن سەن ئىچكىن، — دەپتۇ. تارمون سۇدىن ئوتلاپتۇ، راست دېگەندەك، ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، تېتىك، روھلۇق بولۇپ قاپتۇ. شاھ بالىلىرىغا:

— بالىلىرىم، مانا مۇشۇ توغراق ئامان بولسا، يۇرتىمىز ئامان بولىدۇ. بۇ توغراق يۇرتىمىزنى بوران - چاپقۇننىڭ زىيانلىرىدىن ساقلايدۇ. پۇقرالىرىمىز بىتاب بولۇپ قالسا، مۇشۇ توغراقنىڭ تۈۋىدە بىر كېچە قونسا شىپا تاپىدۇ. ماۋۇ بۇلاقنىڭ شىپالىق رولى تېخىمۇ چوڭ، بۇنى ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇن، بۇ توغراقنى «شاھ توغراق» دەپ قوغداڭلار، ھېچ كىشى زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىسۇن، ئەل ئامان بولسۇن دېسەڭ، توغراق ئامان بولسۇن دېگىن.

ئۇلار شاھ توغراقنىڭ خىسلەتلىرىنى شاھ دادىسىدىن ئاڭلاپ چەكسىز خۇرسەن بوپتۇ. شاھ ھايال ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، شاھلىق تەخت ئوغلى تارمونغا قاپتۇ.

2

شاھ توغراق توغرىسىدىكى رىۋايەت نۇرغۇن ئەللەرگە تارقاپ كېتىپتۇ. قوشنا ئەللەردىن نۇرغۇن كىشىلەر شاھ توغراقنى كۆرگىلى كېلىپ كېتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھ توغراق

تۇغرىسىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ پاراڭلار قوشنا ئەل «چىلان ۋە يىلان» پادىشاھلىقى دېگەن ئەلگە يېتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپتۇ. يىلان پادىشاھلىقىدا ئىچى زەھەر، ھەسەتخور بىر ۋەزىر بار ئىكەن. كىشىلەر بۇ ۋەزىرنى «ھەسەت ۋەزىر» دەپ ئاتايدىكەن. ھەسەت ۋەزىر تارمون شاھ ۋە شاھ تۇغراق تۇغرىسىدا ئاڭلاپ چىدىماي قاپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئادەملىرىدىن بىرقانچىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆتەك شەھىرىگە بېرىپ تارمون شاھ بىلەن شاھ تۇغراقنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار دېگەن قەرەلىدە كۆتەك شەھىرىگە كېلىپ تارمون شاھنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەس - يادى ئامال تېپىپ شاھ تۇغراقنىڭ قېشىغا بېرىش ئىكەن. تارمون شاھ يىلان پادىشاھلىقىنىڭ ئادەملىرىگە شاھ تۇغراقنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئىجازەت بېرىپتۇ. ئۇلار بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، شاھ تۇغراق ھەقىقەتەنمۇ چوڭ، ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق شاھ تۇغراق ئىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۈز مىڭلىغان ئاسمان - پەلەك تۇغراقلار بۇ جاينىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىكەن. شاھ تۇغراق مەخسۇس ئادەملەر تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى تۇتۇپ بېقىشقا، بىرەر يوپۇرمىقىنى ئېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. يىلان پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى كۆڭلىدە: «تارمون شاھنىڭ مۇھاپىزەتچىسى يوق يەردە شاھ تۇغراقنىڭ ئەلۋەتتە مۇھاپىزەتچىسى يوقتۇر» دەپ ئويلاپ شاھ تۇغراقنىڭ يېنىغا خۇپيانە كېلىپ بىرقانچە تال يوپۇرمىقىنى قوينىغا سېلىۋاپتۇ. بۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان قاراۋۇل ۋەزىرنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە:

— ھۆرمەتلىك مېھمان، خەقنىڭ نەرسىسىنى سورىماي ئېلىش نومۇس ئەمەسمۇ؟ سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردا كىشىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئىگىسىدىن سورىماي ئېلىۋالسا خان ئۇنى سورىمامدۇ؟ — دەپتۇ. يىلان پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى ئۆزىنى ئاقلاپ:

— يوقسۇ، بىزنىڭ خانىمىز كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگىسىدىن سورىماي ئالغانلارنىڭ بىر بارمىقىنى كېسىپ تاشلايدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — دەپتۇ قاراۋۇل، — ئۆزلىرى بىزنىڭ مال - مۈلكىمىزنى سورىماي ئالدىلا، ماڭسىلا، مەن سىلىنى تارمون شاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي، شاھىمىز سىلىنىڭ بىر قوللىرىنى كېسىۋالسۇن. يىلان پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى قاراۋۇلغا يالۋۇرۇپ، بىر زىنقچە ئالتۇننى تۇتقۇزۇپ تارمون شاھنىڭ ئالدىغا ئاپارماسلىقنى ئۆتۈنۈپتۇ. قاراۋۇل ۋەزىرنى ئۇدۇل تارمون شاھنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ بېرىپتۇ ۋە خاننىڭ ئالدىدا ۋەزىرنىڭ شاھ تۇغراقنىڭ يوپۇرمىقىنى چىقىرىپ بولغان ئىشنى ئاشكارىلاپتۇ. تارمون شاھ ۋەزىرگە:

— مېنى شەپقەتسىزلىك قىلدى دەپ قالمىسىلا، شاھ تۇغراقنىڭ بىر تال يوپۇرمىقى سىلىنىڭ بىر زىنقچە ئالتۇنلىرىدىن قىممەتلىك، شاھ تۇغراقتىن بىزگە غازاڭ ئەمەس بەلكى تىللا ياغىدۇ، — دەپتۇ.

— جاللات، — دەپتۇ تارمون شاھ غەزەپ بىلەن، شۇ ھامان جاللات خاننىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— شاھ ئالىلىرى، كىمنىڭ بېشىنى ئالىمەن؟ — دەپ قىلىچىنى غىلىپىدىن چىقىرىپتۇ. تارمون شاھ:

— يىلان پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى ئەزىز مېھمىنىمىز شاھ توغراقنىڭ بىرقانچە تال يوپۇرمىقىنى خوپىيانە ئېلىپ ئۆز دۆلىتىگە كەتمەكچى بولغان، شۇڭا قانۇنىمىزغا ئاساسەن ۋەزىرنىڭ بىر بارمىقى كېسىۋېلىنسۇن ! — دەپ جاكارلاپتۇ ۋە جاللاتقا نەق مەيداندا ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ بارمىقى شۇ جايدىلا كېسىپ تاشلىنىپتۇ.

بىر بارمىقىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋەزىر يىلان پادىشاھلىقىغا قايتىپ بېرىپ ئۆز پادىشاھىدىن تارمون شاھتىن قىساس ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن پادىشاھنىڭ كۆڭلى بېغىغا ھەسەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپتۇ:

— مېنىڭ ياخشى ۋەزىرىم تارمون خاننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچراپتۇ، قاتتىق ھاقارەتلىنىپتۇ، بۇنداق خورلۇقنى كەچۈرگىلى بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارمون شاھ كۈچەيسە بىزگە قول سالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ يىلان پادىشاھلىقى تەۋەلىكىدىكى بارلىق ئەركەكلەر قولىغا قورال ئېلىپ ھازىرلانسۇن ! شەھىرى كۆتەك ۋە ئۇنىڭ شاھ توغرىقىنى تارتىۋالىمىز ! شاھ توغراق ماڭا تەۋە بولسۇن ! ئۇنىڭ ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان «ئۆلمەس بۇلاق» سۈيىنى ئۆزۈم ئىچىمەن، — دەپتۇ.

يىلان پادىشاھلىقى بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرا ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار بىردەك ئۆز كۈچى بىلەن تارمون شاھقا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، «چىلان پادىشاھلىقى»نى يېنىغا تارتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پىكىر ماقۇللىنىپتۇ، يىلان پادىشاھلىقى چىلان پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ. چىلان پادىشاھلىقى شاھ توغراق ۋە ئۆلمەس بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئۆلۈمگە داۋا تېپىش مەقسىتىدە يىلان پادىشاھلىقىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ ئەلگە پەرمان جاكارلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ يىلان پادىشاھلىقى بىلەن چىلان پادىشاھلىقى بىرلىشىپ تارمون شاھقا قارشى ھۇجۇمغا تەييارلىنىپتۇ.

3

شەھىرى كۆتەك پۇقرالىرى خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆز ۋەتىنىگە يات بىر ئەلنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ ۋە دەرھال تارمون شاھقا مەلۇمات يوللاپتۇ. تارمون شاھ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن چاقماق تېزلىكىدە ھەربىر كەتكە كېلىپ بارلىق ئەر ـ ئاياللارنىڭ تولۇق قوراللىنىپ يىغىلىشىنى پەرمان قىپتۇ. ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە رازى خەلق خۇددى سەلدەك يىغىلىپتۇ. تارمون شاھ پۇقرالىرىغا «ئۆلمەس بۇلاق» نىڭ سۈيىنى ئىچىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ، كىشىلەر «ئۆلمەس بۇلاق» سۈيىنى ئىچىپ جاسارىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ ۋە:

— تارمون شاھ ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، شاھ توغراقنى قوغدايلى، ياۋنى يوقىتايلى! — دەپ چۇقان سېپتۇ.

تارمون تۈمەن كىشىلىك خىللانغان قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. تارمون خان تېزلىكتە دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىلەر نېمە ئادەم؟ يۇرتىمىزغا نېمىگە

ئاياغ باستىڭلار؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بىز، ــ دەپتۇ يىلان پادىشاھلىقىنىڭ لەشكىربېي ئەمەلدارى، ــ شەھىرى كۆتەكنىڭ خانى تارمون بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلدۇق، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دەپتۇ تارمون شاھ، ــ مەن تارمون شاھقا ۋاكالىتەن شۇنى دەپ قوياي، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، تارمون خان ئۇرۇشنى خالىمايدۇ، بىز ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاشنى خالايمىز، ــ دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ لەشكەربېشى:

ــ بىز شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ كېلىپ سەن بىلەن ئۇرۇشماي كەتمەيمىز، بىز سېنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلدۇق.

ــ ياخشى، ــ دەپتۇ تارمون خان، ــ ئۇرۇشقا سەپ تۈزۈڭلار، مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزۈپ قويايلى.

شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ باشلىنىپتۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ رەھىمسىز ئۇرۇشنىڭ قۇربانى بوپتۇ. جەڭ كەسكىن بوپتۇ، تارمون خاننىڭ بارلىق پۇقرالىرى ئاتلىنىپ، بەزىلىرى ئوزۇق ـ تۈلۈك توشۇسا، بەزىلىرى يارىدارلارنى يۆتكەپ داۋالاپتۇ، ئۇلارنى «ئۆلمەس بۇلاق» سۈيى بىلەن تېزلا ساقايتىپتۇ.

جەڭ ۋاقتى ئۇزارغانسېرى تارمون خان كۈچىيىپ يىلان ۋە چىلان پادىشاھلىقلىرىنىڭ قوشۇنلىرى ھالسىراشقا باشلاپتۇ. تارمون خاننىڭ قوشۇنى ئاخىر ئۇرۇشتا غەلىبە قىپتۇ. چىلان ۋە يىلان شاھلىرى يەر بىلەن يەكسان بوپتۇ.

4

شەھىرى كۆتەك پۇقرالىرى ئۇزۇن زامانلار تىنچ، خاتىرجەم، ئاسايىشلىقتا ياشاپتۇ. تارمون شاھ يۈز نەچچە ياشقا كىرىپ تەختنى ئوتتۇرانچى ئوغلى تارقۇتخانغا بېرىپتۇ. ئۇ «شاھ توغراق» توغرىسىدا شاھ ئاتىسىدىن ئاڭلىغان ۋەسىيەتلىرىنى ئوغلىغا قالدۇرۇپتۇ، «شاھ توغراق» بۇرۇنقىدەكلا بۈك ـ باراقسان ئۆسۈۋېرىپتۇ، قانچىلىغان شاھلار كېلىپ كېتىپتۇ، ئەمما «شاھ توغراق» بولسا بارغانسېرى يوغىناپ سايىسى بىرمۇنچە يەرگە يېتىپتۇ، بۇ جاي شەھىرى كۆتەكتىكى كىشىلەرنىڭ ئارام ئالىدىغان چوڭ سەيلىگاھىغا ئايلىنىپتۇ.

تارقۇتخان شىكارغا ئامراق ئىكەن. ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئەل ئىچىدە يامان ئادەم، يامان ئىشلار كۆپىيىپتۇ، ساداقەت، ئىنساب، ۋاپادارلىق قاتارلىقلار كۆتۈرۈلۈپ بارا ـ بارا ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار پەرزەنتلەر ئازلاپ ياشانغانلار خارلىنىپتۇ، ئاچ كۆزلۈك، زومىگەرلىك، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ئەۋج ئاپتۇ. يىلان پادىشاھىنىڭ ھېلىقى ھەسەتخور ۋەزىرى ئۆز ئورنىدا ۋەزىرلىك قىلىۋاتقان ئوغلىغا:

ــ ئوغلۇم، تارموندىن قىساس ئالىدىغان پەيت پىشىپ يېتىلدى، تارقۇتخان تەختكە چىققاندىن كېيىن شەھىرى كۆتەك ئېلى خارابلاشتى، ھازىر بىز ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئەنتىمىزنى ئالالايمىز. ئوغلۇم، تارموندىن قىساس ئالساڭ مۇنۇلارغا ئېرىشىسەن:

بىرىنچىدىن، «شاھ توغراق»قا ئىگە بولساڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن، كېسەل بولمايسەن، «شاھ توغراق» دېگەن ھاياتلىق توغرىقى.

ئىككىنچىدىن، تارقۇت ئېلىنىڭ تۇرمۇشى

باياشات، ئالساڭ نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىسەن. تارقۇت قورقۇنچاق، ئاچ كۆز بىرنېمە، ئۇنىڭ جەڭ تەجرىبىسى يوق، شۇڭا ئوڭايلا يېڭىلىدۇ. ھۇجۇمغا مەيلىڭ بارمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئاتا، ــ دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى، ــ ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزىمەن، ماڭا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش كېرەك، شۇ نەرسە بولسىلا بۇ ئىش ئوڭاي.

ــ قېنى دېگىنە، قانداقسىغا ئوڭاي؟

ــ تارقۇتخانىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى ئالتۇنغا سېتىۋالىمەن، «شاھ توغراق»نى «شاھ توغراق»قا قارايدىغانلارنىڭ قولى بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىمەن.

ــ «شاھ توغراق»نى كۆيدۈرسەڭ، ساڭا نېمە قالىدۇ؟

ــ ھەممىسى تۈگەيدۇ، ــ دەپتۇ ئوغلى.

شۇنداق قىلىپ يىلان پادىشاھلىقى سابىق ۋەزىرنىڭ ئوغلى ۋەزىرلىك ھوقۇقى بىلەن ئاستىرتىن ئادەم ئەۋەتىپ تارقۇتنىڭ بىرقانچە يېقىنلىرىنى سېتىۋاپتۇ ۋە خانغا تويدۇرماي «شاھ توغراق» ئەتراپىغا ئوتۇن، قومۇش، ياغ يىغدۇرۇپتۇ، شەھرى كۆتەك خانلىقىغا سۇ كېلىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپىگە ئادەم قويۇپتۇ. بوران چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىلان پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى ئەۋەتكەن ئادەملەر ئالدى بىلەن ئۆستەڭنى يار ئالدۇرۇپ كەينىدىن شاھ توغراققا ئوت يېقىپتۇ. بوراندا ئوت تېخىمۇ ئۇلغىيىپتۇ، شىددەتلىك ئوت ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتكۈل توغراقلىققا ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىغا، ھەتتاكى ئوت خان ئوردىسىغىچە يېتىپتۇ. ئەتراپ ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئوت ئۆچۈرۈشكە ئاتلىنىپتۇ، ئەمما سۇ بولمىغاچ ئامالسىز توپا چېچىپتۇ، خەندەك كولاپتۇ، ئەمما ئوتنى ئۆچۈرەلمەي ئاخىر ئۆز جېنىنى بىر ياققا ئاپتۇ. بىر كاتتا يۇرت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە خارابىلىككە ئايلىنىپتۇ. پۈقرالار يامان ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىپ، ئۆم ـ ئىناق بولۇپ، ياخشى ئىشلارنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، گۈزەل يۇرتىنىڭ بۇرۇنقى مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە يۇرتنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا ئاتلىنىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى كۇچا دۆڭقوتاندىن ھەمەر ھاجىم، مەھەممەت سامساق)

(توپلاپ رەتلىگۈچى كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازار قاراڭغۇ كەنت 1 ـ مەھەللىدە ئولتۇرىدۇ)

# ياش رەسسام مۇساجان ۋاھابنىڭ
# ماي بوياق رەسىملىرىدىن



بېگىسار ئاياللىرى



دۆڭ مەھەللە



بارىيار يولى



ئىسسىق نان



چۆلدىكى قاراۋۇل



جىنچىراق ئاستىدىكى تۈگمەن



تۈگمەن

رەسسام: مۇساجان ۋاھاب


源泉 (布拉克)

بۇلاق

(维吾尔文) 总140期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 140- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:艾力·托呼提 副主编:买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم ( MORTOM ) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58 باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043